قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى



ھەببە يارمۇھەممەت

# شەيتان قىلتىقى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ھەببە يارمۇھەممەت

# شەيتان قىلتىقى

( پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  **كامىلە راخمان**
مەسئۇل كوررېكتورى:  **قەييۇم تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  **غالىب شاھ**

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» مەجمۇئەسى

**شەيتان قىلتىقى**

(پوۋېستلار)

ئاپتورى:  **ھەببە يارمۇھەممەت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 6.625
2004 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5162 — 8
سانى: 3000—1
باھاسى: 10.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

تاللاش ........................................ 1

شەيتان قىلتىقى ........................................ 66

چۆغلۆق ........................................ 122

# تاللاش

ئۇياتچان كېلىنچەكنىڭ ئانار يۈزىدەك قىزىرىپ تۇرغان ئاخىرقى شەپەق دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن ھالقىپ، توي كۆچۈرۈپ ماڭغان ماشىنىلارنىڭ سىلىق، پارقىراق دۈمبىلىرىدە سۇسقىنا جىمىرلايتتى.

— خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن، بالام! — ناغرا- سۇناي ئاۋازى ئانىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق ماشىنا؟!

— 17 ئىكەن.

— ياق، 18.

يول بويىدا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئاللىنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئۈستىگە رەڭگارەڭ قەغەز گۈللەر ئارتىلغان قىپقىزىل ماشىنا ئالدىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان يول قىقاس - چۇقان سېلىپ كېتىۋاتقان تويچىلار بىلەن خۇددى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا ئوخشاش، پاكلىق ۋە مۇھەببەت قوينىغا ئىنتىلىپ تۇرغان بىر جۈپ ياشنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

ساباھەت خۇددى غەم - قايغۇ ۋە شادلىقنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ قالغاندەك، بىر خىللا ئولتۇراتتى، نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە غىلىلدىغان ياش ئۆمچىيىش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر خىل سېھرىي كۈچ بېغىشلىغان ئىدى. نىكاھ سۈيى، ئاپئاق توي كۆڭلىكى ۋە يېنىدىكى يىگىت ئۇنىڭغا غايىۋى چۈشتەك بىلىنەتتى. ئەنە شۇ چۈش ئىختىيارسىز ئۇنى ئالدىدا سوزۇلۇپ

ياتقان مۇشۇ يولغا ئوخشاش، مۇستەقىل هايات يولىغا سۆرەپ كىرمەكتە ئىدى.

قىز - يىگىت زالغا كىرىپ تۆردىكى ئۈستەلدىن ئورۇن ئېلىشتى. شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

توي مۇبارەك، توي مۇبارەك، تويلار مۇبارەك،
ئەزىز دوستلار، تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

ياقىسى بىلەن مەيدىسىگە كانۋاي گۈل ئىشلەنگەن ئاق كۆڭلەكلىك يىگىت شوخ - چەبدەس قەدەم بىلەن مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قىزلار تەرەپكە يېقىنلاشتى.

— تۇرە روشەن، تۇرە!

تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قىقاس - چۇقان ئىچىدە قىزىل گىرىپتىن يارىشىملىق كوپتا - يوپكا كىيگەن نازۇككىنا بىر قىز ئۇسسۇلغا چۈشتى. يىگىتنىڭ ھەربىر قەدىمى مۇزىكىنىڭ شوخلۇقىنى ئەۋجىگە كۆتۈرسە، قىزنىڭ گاھ چېكىنىپ، گاھ ئەگىپ يۇرۇپ پىرقىراپ ئوينىشى ئۇسسۇلنىڭ شوخلۇقىغا ساپ پەزىلەت ۋە نازۇكلۇق بەخش ئەتمەكتە ئىدى.

— ياشاپ كەت، ئەنسەر!

زالدا ياڭرىغان چاۋاك، ئىسقىرىق ۋە مەدھىيە ئاۋازلىرى سىمفونىيە تاملاردىن ھالقىپ چىقىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىنىمۇ تىترەتمەكتە ئىدى. كېيىنەكتەك پىرقىراپ يۇرگەن روشەننىڭ ھەربىر قەدىمىگە ئەگىشىپ يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتىكى قەلبلەردىن قەلبلەرگە تاراپ بېرىۋاتقان ھاياجانىنى خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئەۋجىگە كۆتۈرمەكتە ئىدى.

ئۇسسۇل شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. بىرنەچچە قول تانسىدىن كېيىن، سورۇننى باشقۇرۇپ يۈرگەن يىگىتۋېشى مۇزىكا سۇپىسىغا چىقىپ، مىكرافوننى قولىغا ئالدى.

— قەدىرلىك دوستلار، بۈگۈن ئاغىنىمىز ئېرشات بىلەن ساۋاقدىشىمىز ساباھەتنىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز. تويىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەنسەر بىلەن روشەن ناھايىتى ياخشى باشلاپ بەردى. بىز بۇنىڭدىن بەك خۇشال! بىراق بىز هازىرقى زامان ياشلىرى ھەممە نەرسىنى دەرىجىگە ئايرىپ ئۆگىنىپ قالغان. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى يەنە بىر قېتىم بەيگىگە سېلىپ باقساق، قانداق دەيسىلەر؟ — تۆۋەندە پاراقىدە كۈلكە ئاۋازى بىلەن تەڭلا كۆتۈرۈلگەن قىقاس - چۇقان زالنى بىر ئالدى، — قانداق، روشەن؟ ساباھەتنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسىز - ھە؟ — يىگىتۈېشى چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ، سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى. سەلدىن كېيىن، زالدا يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى.

تېپىلسىمۇ سەندىن ئارتۇق يار ماڭا،
تېپىلمايدۇ مەندىن ئارتۇق يار ساڭا.

سەھنىدە ئايلىنىپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغنىڭ نۇرى قىزلارنىڭ قايسىبىر بېزەكلىرى ئۈستىدە غىل - پال جۇلا چاچسا، قىزارغان ھاياجانلىق چىرايلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. نېمىدېگەن كۆپ ئادەم - بۇ؟! روشەن ناخشا ئېيتقاچ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، تال - تال كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ئويناق كۆزلىرى كۆپچىلىك ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدەپ، تىنىمسىز ئايلىناتتى.

تۇن نىسپىگە ئاز قالغاندا توي ئاخىرلاشتى، قىز - يىگىتنىڭ بىرنەچچە يېقىنلىرىدىن باشقا ھەممىسى ئۆلارغا بەخت تىلەپ تارقىماقتا ئىدى. دەل شۇ ئارىدا گالىستۇكى بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان بىر يىگىت كېلىپ، ئېرشاتقا قول ئۇزارتتى:

— ئېرشات، سەن بەك تەلەيلىك ئىكەنسەن، ساباھەتنىڭ

كەينىگە بەش يىل كىرىپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، يەنىلا سىلەرگە بەخت تىلەيمەن. چۈنكى ئادەم ئۇچۇن ئۆز سۆيگۈنىنىڭ بەختىنى كۆرۈشمۇ ئوخشاشلا بىر بەخت! — يىگىت غەرق مەست ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئالدى - كەينىگە دەلدۈگۈنۈپمۇ كېتەتتى. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەرئىدىكىن، يىگىت قولدىشى ئۇنى گەپتىن توسۇپ قويدى.

— قاھار، بەك مەست بولۇپ كېتىپسەن. ئەنسەر سېنى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويسۇنمۇ؟

— رەھمەت، رەھمەت، نەبى ئاداش! بۈگۈن مېنىڭ بىر چىلاشقۇدەك ئىچكۈم بار، — ئۇ قولىلىرىنى شىلتىپ قويۇپ، دەلدەڭشىگىنىچە زالدىن چىقىپ كەتتى.

— ئاللا ئالىيە، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ بۇ؟ — ساباھەت قىز قولدىشىنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى.

— «كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ، كۆيۈپ قالسا تارتىشا» دېگەن شۇ! — ھەر ئىككىسى پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

سىرتتا يازنىڭ ئىزغىرىن شاملى ئەگىپ يۈرەتتى. توي كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئىچىدە ماشىنىلار گۈركىرەپ ئوت ئېلىپ قوزغالدى. دەل شۇ پەيتتە روشەن تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئۆرۈلۈپ ماشىنىنىڭ كەينى دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. زالنىڭ ئالدىدىكى يول ئۈستىدە قاھار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، «ساباھەت! » دەپ توۋلاۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈردى. لېكىن ماشىنا چاقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق توپا ئۇنى ماشىنا چىرىغىنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا تال - تال بولۇپ كۆرۈنگەن تۇمانلار ئىچىگە كۆمۈپ تاشلىدى.

## 2

ئاللىقاچان غەربكە قېيىلغان ئاخىرقى ياز قۇياشىنىڭ قىزىق تەپتى زېمىننى كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

ناۋات رەڭ كۆڭلەك زىلۋا بويىغا خوپ ياراشقان روشەن ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يارداڭلىقتىكى ئورمانلىقنى يانداپ ئۆتكەن يولدىن چىقىپ ئوڭغا ئايلاندى - دە، ھېچقانچە ماڭمايلا بېغىررەڭ سىردا سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. غەربكە قېيىلغان قۇياشنىڭ دەرەخ يوپۇرمىقى ئارىسىدىن تۆكۈلگەن تال - تال نۇرى روشەننىڭ كۆزلىرىنى چاقتى بولغاي، ئوڭ قولىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ھويلىغا بويۇنداپ قارىدى. قورۇدىمۇ، ئەتراپتىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. دەرۋازا ئالدىدىكى كۆچەتلىكنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە توخۇ دانلاپ يۈرەتتى، ئالدىدا گەۋدىسىنى تىك كۆتۈرۈپ، قەدىمىنى ئالدىرىماي ئېلىۋاتقان خوراز روشەنگە ھەيران قېلىۋاتقاندەك چۆچۈپ قاراپ، ئىزىدا توختاپ قالدى.

روشەن دەرۋازا ھالقىسىنى ئاۋايلاپقىنا شاراقلاتتى.

— كىم؟ — ئۆيدىن ئايال كىشىنىڭ بوغۇقراق ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە كەينىدىن ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى كېلىشكەن، سوغۇق چىراي بىر ئايال پەيدا بولدى. روشەننىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. ئايالنىڭ نەزىرى ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئىدى. بۇ مەغرۇر قاراش ئالدىدا روشەن ئىختىيارسىز شۈركىنىپ، خۇددى سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك تەمتىرەپ قالدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالغىلى تاسلا قالدى، لېكىن، ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىن ئارانلا:

— ساباھەت بارمۇ؟ — دەپ سورىيالىدى.

— بار، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، — ئايال خۇددى «ئۆيگە كىرىڭ» دېمەكچى بولغاندەك، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېرىنىپقىنا ئاچتى.

— رەھمەت! — تازىمۇ مۇز چىراي نېمىكىنا بۇ، ھالىچۇ تېخى! روشەن شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ئايالنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، قورۇغا كىرىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپتە خىشتا سېلىنغان پېشايۋانلىق بەش ئېغىز ئۆي خۇددى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقان بايىقى خورازدەك مەغرۇر ۋە ئۆي ئىگىسىدەك سوغۇققىنا غادىيىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ قارشى تەرىپىگە ئوخشاش پاسوندا سېلىنغان بىر يۇرۇش ئۆي ساباھەتلەرنىڭ ئۆيى ئىدى. ئوتتۇرىغا ياسالغان گۈللۈك تاكى باغقا قەدەر تۇتاشقانىدى. دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا گۈلدىنمۇ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئۆيگە ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان لاپاس ئاستىدىكى قوڭۇر رەڭلىك كىچىك ماشىنا بىلەن دۇمبىسىگە تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك سەمرىگەن بەش ئالا كالا ئىدى.

روشەننىڭ دوستى ساباھەت مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئېرشات بىلەن توي قىلىپ بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىردى.

روشەن ۋېلىسىپىتنى قويىۋاتقان ئارىلىقتا، ئۆيدىن ساباھەت چىقىپ كەلدى.

— يائاللا، سەنمۇ بارئىكەنسەن - ھە دۇنيادا؟!

— بولمايچۇ، مېنى ئۆلدى دېگەنمىدىڭ، قارا، نېيىتىڭنىڭ يامانلىقىنى، ئۆزۈڭ مۇرادىڭغا يېتىۋېلىپلا، ماڭا شۇملۇق تىلىگىلى تۇردۇڭمۇ - نېمە؟ — ئىككى دوست قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. گەپ ئارىلىقىدا ساباھەت روشەننى قېينانىسىغا تونۇشتۇرۇپ:

— سەمەت جۇيجاڭنىڭ قىزى بولىدۇ، — دېدى.

— ھە، شۇ، بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلغان! — سېمونت قورۇدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قىزىق تەپتى خۇددى ئەمدىلا ئۆتۈۋاتقاندەك، بايىقى مۇز چىراي ئايال مىيىقىدا جىلمىيىپ قويدى.

— يۈرە، ئۆيگە كىر! — ساباھەت بىر قولىنى كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان روشەننىڭ بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پەلەمپەيگە پۇتىنى ئالدى.

— پاھ، سېپى ئۆزىدىن بولغىلى تۇردۇڭمۇ نېمە؟

— قانداق قىلىسەن، ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە دېگەن شۇ.

— مۇنداق - دە، مېنى ئابرۇيلۇق بولسۇن دەپسەندە ئەمىسە؟ — ئۆينىڭ بوسۇغىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى دوست پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىۋالدى. ئىشىككە تارتىلغان ھال رەڭ دۇخاۋا پەردە قايرىلىشى بىلەن تەڭ ئېرشات:

— كېلىڭ، روشەن! كونىلارنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ نىيىتىمۇ ئوخشاش بولىدۇ دېگىنى راست ئوخشايدۇ جۇمۇڭ، كۆڭلۈڭىز تۇيغاندەكلا كەلگىنىڭىزنى قاراڭ! — دەپ چاقچاق قىلغىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ۋە روشەنگە قول ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ، — ھە، ئەنىسەر روشەنگە دەپ قويۇپ كەلگەنمىدىڭ يا؟ — دېدى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، تۆرىدىكى ساپادا توي كۈنىدىكى يېگىتۋېشى بىلەن دەم تاتىرىپ، دەم قىزارغىنىچە ئەنسەر ئولتۇراتتى. ئەنسەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا روشەننىڭ سەل - پەل كەيپى ئۇچقان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي:

— ئەجەپ ئىچىڭلار يامان ئىكەن سىلەرنىڭ، ئۆزۈڭلار توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالساڭلار گەپ يوق، بىز بىر يەرگە بىللە بارساق بولمامدىكەن؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ، تېخى مەخسۇس تەبرىكلەيمىز بۇنى.

— ماڭە سارالڭ نېرى.

— ھە بولدى. بولدى. ئاۋۋال سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ

قوياي، بۇياق مۇرات بولىدۇ. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. بۇ ئەنسەر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شوپۇرى، نەق يېرىنى دېسەك، روشەننىڭ شەخسىي شوپۇرى.

— ئەلۋەتتە! بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى دەم ئالىپتىكەن. بىزنى يوقلاپ كەپتۇ، ئىككى بويتاقنىڭ كۆڭلىگە يارىشا، ئارىمىزدا يەنە بىر گۈزەل قىزمۇ بار تېخى!

— بەللى، ئۇ قىزنى تېخى بىز بىلەن كۆرۈشتۈرمىدىڭمۇ ئەمىسە؟

— بۇنىڭغا تونۇشتۇرۇش كېتەمدۇ؟ يانغا قارىساڭلا ئەينەكتىن كۆرىسەن، — ساباھەتنىڭ بۇ سۆزى ئېرشاتنىڭ گېپىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى بولغاي، روشەن ئىختىيارسىز ئۆرۈلۈپ يانغا قارىدى - دە، ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆرۈپ، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. باشقىلارنى دېمىگەندىمۇ مۇرات تېخى ئۇنىڭغا ناتونۇش يىگىتتە؟!

— ۋاھ، ياخشى بولدى ئەنسەر، روشەن ئۇنىمىسا ئەنسىرىمە، ئەينەكتىكىنى تارتىپ چۈشۈرىمىز.

ھە دېگەندىلا كۈلكە - چاقچاق بىلەن ياشلارنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن يېڭى ھۇجرىغىلا خاس بولغان سېھرىي قۇدرەتنىڭ تەسىرىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغان قەلبلەردىكى ھېس - تۇيغۇلار يىگىتلەر قولىدىكى رۇمكىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى تېزلا مەست قىلىۋەتتى. ئېرشاتمۇ بىر دېگەن گېپىنى نەچچە تەكرارلىغىلى تۇردى. ئاخىرىدا ئىچى پۇشقان ساباھەت كۈلۈپ كەتتى - دە:

— بولدى، بولدى ئېرشات. ئەنسەرنى ئۇبدان تونۇيمىز، روشەنمۇ باياتىن بېرى مۇرات بىلەن خېلى ئۇبدان تونۇشۇپ بولدى، — دېدى.

— شۇنى دەيمەن، «مۇرات» دەپ نەچچە دېدىڭ. بولدى

ئەمدى چايغا قوشۇپ ئىچۈرۈۋەتمە يەنە.

— مەست دېگەنگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، — مۇرات سۆز باشلىۋېدى، ھەممە جىمىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى، — بىزنىڭ مەھەللىدە سەمەت بارات دەيدىغان بىر ھاراقكەش ئادەم بار، ئادەتتە تونۇشلار ئۇنى «ھاراق بارات» دەپمۇ قويىدۇ، ھېلىقى كىنو يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاركەن، بۇ ھاراق بارات ئۆيىگە مەست كېلىپ، تاماق ئېتىۋاتقان ئايالىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى زورلاپ كىنوغا ئېلىپ بېرىپتۇ. كىنو تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، ھاراق بارات مەستلىكتىن يېشىلىپ قاپتۇ ـ دە، يېنىغا شۇنداق قارىسا، ئايالى شۇنچە ئەرنىڭ ئىچىدە يالغۇز كىنو كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن.

«ما گۇينى قارا، مېنىڭ مەستلىكىمدىن پايدىلىنىپ نېمە قىلاي دېگەنتىڭ؟» دەپتۇ ـ دە، ئايالىنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئۆزىنىڭ زورلاپ ئاپارغىنى ئېسىدە يوق، بېشىڭنى يەيدىغان لەقۋا؟ — ساباھەت قاش ـ قاپاقلىرىنى سوزۇپ تىللاپ قويۇۋېدى، ئېرشات كۇلۇپ كېتىپ:

— بىزدەكلا بوپتۇ ـ ھە، ساباھەت؟ — دېدى.

— ۋاي، بولدى قىلىڭە.

— ياق، دەۋېتىمەن.

— دېگىنە ـ ھە، دېگىنە! — سالا قىلىشتى باشقىلار.

— بىر كۇنى مەن مەست، ما بىچارىنى زورلاپ ئويۇنغا ئاپارغانتىم، بۇ سارالڭ ئويۇن كۆرۈۋېتىپ، ئابدۇللا چىقسا، «مۇشۇنىڭ ناخشىسىنى ئەجەب ياخشى كۆرىمەن» دېۋىدى. مەستچىلىكتە «ئابدۇللانى ئەجەب ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەكلا ئاڭلاپ قاپتىمەن ـ دە، «ياخشى كۆرسەڭ تەگمەمسەن» دەپ، كىنوخانىدا تازا ساپتىمەن، — بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۇلۇپ تېلىقىپ قالاي دېدى.

— ۋاي ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، ئاشۇرۇپلاۋەتتى ماۋۇ، ناھايىتى

شۇ مېنى ئويۇن كۆرسەتمەي ياندۇرۇپ چىقتىڭىزغۇ!

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ، سەنمۇ مەستىمىدىڭيا ئۇ چاغدا؟

— ئۆتەپ بېرىڭا نېرى.

— ئەتىسى كەچتە قاپقىڭنى كۆكەرتىپ چىقىپتىكەنسەنغۇ؟

— بىر كۈنلۈك سۈرمە ئىقتىساد بوپتىكەن - دە؟

ئۆيدىكىلەر پاراق - پاراق كۈلۈشەتتى.

ساباھەتنىڭ ئېلېكتر چىرىغىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىشى بىلەن تەڭ ئۆيگە تارىغان ئىللىق نۇر روشەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ۋەيەي، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپتىغۇ، ھېچنېمىنى تۇيمايلا ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىز.

— ھېچقىسى يوق روشەن، تېخى ئەتىگەنغۇ، بىردەم ئولتۇرۇڭ.

— بۇنىڭدىن كەچ قالسام ئاپام ئەنسىرەيدۇ. سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن جاھاننىڭ يورۇق ۋاقتىدا ئۆيۈمنى تېپىۋالاي.

— يېنىڭىزدا ئەنسەر دەيدىغان تاغدەك بىر يىگىتىڭىز تۇرسا، بۇ گەپنى قانداقمۇ قىلىۋاتقانسىز.

— ۋاي قوۋۇرغام، ساباھەتمۇ چاغلىق ئىدى ئۆز ۋاقتىدا.

— شۇنداقمۇ؟ ئاڭلىدىڭمۇ ئەنسەر. شام يېقىلدى، — ئېرشات ئەنسەرگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئىككى بىسلىق چاقچاق قىلدى. روشەن ئىختىيارسىز ھۆپپىدە قىزىرىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى - دە، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ئېرشاتقا بېشىنى سىڭايان قىلىپ قاراپ «ساراڭ!» دەپ ئالىيىپ قويدى. دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ مۇزدەك قېتىپ تۇرىدىغان يۈرىكى ئىختىيارسىز داۋالغۇپ كەتتى - دە، يەر تېگىدىن ئەنسەرگە قاراپ قويدى. ئەنسەر خۇددى قاتتىق قول ئوقۇتقۇچى ئالدىدىكى ئىتائەتمەن بالىدەك، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، قوللىرىنى تىزى ئۈستىگە قويغىنىچە ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىشتىنىغا

چىقىرىپ قويغان بالىدەك ئولتۇرۇشىنىڭ سەتلىكىنى، شۇنچە چىراي بەرگەن خۇدايىم ئىلىكتەك غۇرۇر بەرسىچۇ كاشكى بۇنىڭغا! شۇ خىياللار بىلەن روشەننىڭ باھار پۇرىقى ئالغان قەلب دەرياسى خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا قايتىدىن مۇز بولۇپ قاتتى.

ئۇ، بۇنىڭ مىجىقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمە قاراپ يۈرگەندىمەن. ئىسىت! بىر ئوبدان ئېچىلىپ قالغان كۆڭلۇمنى بىكارلا غەش قىلىۋالدىمەدە، دەپ ئويلاپ، ئۆزىدىن ئۆزىگىلا تېرىكىپ، تۇتۇلۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — ساباھەت ئىللىققىنا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھېچنېمە.

— بوپتۇ، كۆڭلۈڭ ئەنسىرەپ تۇرغان بولسا، بىزمۇ بەك تۇتۇۋالمايلى...

ساباھەتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، ئېرشات گەپنى بەلدىنلا ئۈزدى:

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە...

— بولار ئېرشات. ئاپامغا دېمەي كەلگەن، كەتمىسەم زادى بولمايدۇ، — روشەننىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى. چىرايىمۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا سوغۇق ھەم مەغرۇر تۇس ئالغانىدى. ئۇ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپلا ئورنىدىن تۇردى. ھەممەيلەن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قويۇلغاندەك، لەسسىدە بولۇپ قالدى ۋە ئارتۇق گەپ قىلمايلا روشەننى ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچى خېلىغىچە تىمتاس بولۇپ كەتتى. ئەنسەر ھەسرەتلىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بولۇشچە يىغلىغۇسى، چىلاشقۇچە ئىچكۇسى، بولسا مۇشۇ دەردلىك دۇنيادىن يوگۇرگەن

پېتى كېتىپلا قالغۇسى، ياشاشتىن بىر يولىلا ۋاز كەچكۈسى كېلەتتى. دېمىسىمۇ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە ئېرىشەلمىسەڭ، ئۇنىڭ ھەسرىتىدە پۈچىلىنىپ ياشىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟

— مۇزدە بۇ، مۇز!

ئەنسەرنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— راست دەيسەن، ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىڭ؟ بىر قارىساڭ ئوك، بىر قارىساڭ تەتۈرلا.

— قىز بالىنىڭ سېھرىي كۈچى دەل شۇ يەردە. بىراق ئۇ مەن ئۇچۇن بوي يەتمەيدىغان بىر ئاچچىق شاپتۇل.

— ئۇنداق دېمە، مۇھەببەت مىللەت، يۇرت ئايرىمىغان يەردە...

— توغرا دېدىڭ، — ئەنسەر ئېرشاتنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا، قالغىنىنى ئۆزى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرقى ياشلار ئەسەبىي ھېسسىياتلىرىنى ئەنە شۇنداق «مۇھەببەت مىللەت ۋە يۇرت ئايرىمايدۇ» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن نىقابلاپ، ماھىيىتىنى ئۆزىمۇ تۇزۇك چۈشەنمەيدىغان مۇھەببەتنى كۆككە كۆتۈرگىنى بىلەن شۇ مۇھەببەتنى نۆۋەتى كەلگەندە مەنسەپ ۋە مال- دۇنيانىڭ قۇربانى قىلىۋېتىپ بارمامدۇ؟

بۇ گەپ بىلەن ساباھەتنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— ئەنسەر، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭمۇ قانداق؟ بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئۇنداق قىزلار يوق، بولۇپمۇ روشەنگە نىسبەتەن بۇ باھا بەكلا ئارتۇقچە.

— كۆرەرمىز قېنى!

ئارىنى خېلىغىچە ئېغىر سۈكۈت باستى.

— ئەسلىدىمىغۇ مەن بەك دۆت ئىكەنمەن. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى شۇ ساددا ھېسسىياتقا تايىنىپلا، ئۇنى قەلبىمدىكى بىردىنبىر ۋىناسقا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىكەنمەن ھەم بۇ مۇھەببەتنى بۈيۈك ھېسابلاپ، ئالدىراپلا ئاغزىمدىن چىقىرىۋېتىپتىمەن.

هازىرقى يېشىمدا بۇ ئىشقا دۇچ كەلگەن بولسام، شۇ مۇھەببەتنىڭ قەلبىمدە بىخلىنىشىغا ئەسلا يول قويمىغان بولار ئىدىم. چۈنكى، قەلبىمدىن تۈنجى قېتىم ئورۇن ئالغان كىشىنى ئۇنتۇمىغىلى ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. بۇرۇن مەن پەقەت مۇھەببەتنىلا قوغلاشقان ئىدىم، بارلىقىمنى، ھەتتا ئىستىقبالىمنىمۇ شۇنىڭغا ئاتاپتىكەنمەن. كېيىن بىلسەم ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن. مەن بولسام بىر دېھقان بالىسى، ئۇ بولسا بىر جۇيجاڭنىڭ چەكسىز ئىستىقبالىغا ئىگە، ئەتىۋارلىق بىر تال قىزى ئىكەن.

ھەي... نېمىسىنى دەي؟ مەن بەك رومانتىك ئوخشايمەن. ئۆزۈمنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ھېلىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا خام - خىياللارغا ئەسىر بوپ كېتىمەن. ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتىمەن، ئۇنى مەن بەختلىك قىلالايتتىم. لېكىن ھازىرقى گەپ بەختتە ئەمەس مۇھەببەتتە. يامان يېرى ئۇ مېنى پەقەتلا ياقتۇرمايدۇ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن ئەنسەر، قىز بالىنىڭ ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقى ئۆزۈڭگە باغلىق. تەلەپ قويۇشتىمۇ سەنئەت بولۇش كېرەكتە، — مۇرات خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك ئەتراپىدىكىلەرگە غالىبلارچە قاراپ قويدى.

— ئەمىسە دەڭلارچۇ، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

بۇ گەپكە ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمىدى. چۈنكى بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشكە ھەقلىق ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا خۇددى پاكلانغاندەك جۇلالىنىپ تۇرغان تەبىئەت ساپ ھاۋا ۋە ئارامبەخش سالقىنلىق بىلەن قوشۇلۇپ، گۈزەل سەھرا مەنزىرىسىگە تېخىمۇ يارقىنلىق ھەم ئۆزگىچە سېھرىي قۇدرەت بېغىشلىغانىدى. روشەننىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى يەڭگىل يەلپۈپ، چىرايلىق يۈزلىرىنى ھىدلاپ

ئۆتۈۋاتقان ئېرىقنىڭ شامال ۋىلىسىپىت سۇرئىتىنىڭ تېزلىكىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ناۋات رەڭ كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ياقىسىنى گاھ لەرزان، گاھ شىددەت بىلەن يەلپۈتۈپ، ئاپئاق ئېگەكلىرىنى ئەركىلىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئادەمسىز ئېتىز ۋە باغ يوللىرىنى ئارىلاپ، تۇتاش كەتكەن يېشىللىق ئارىسىدا چۆكۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان پاكار - پاكار ئاپئاق ئۆيلەر بىلەن قاپلانغان مەھەللىگە كىردى. «تېپىك سەھرا مەنزىرىسىدە بۇ» دەپ قويدى روشەن ئىچىدە.

## 3

قەلبلەر كۆزىدە تەۋرىنەر شولا،
قېنى ئۇ ئۇنتۇلماس، بىغۇبار چاغلار.
«مۇقەددەس» جايلاردىن ئۆتسەك ناۋادا،
چاقىرىپ قالىدۇ قەدىناس باغلار.

خوش دەيمەن ئاداققى خوش دېگەن چاغدەك،
بىراقكى، ئۇنتۇلماس ئاشۇ چاغلىرىم.
قايرىلىپ قارىماي كەتسەممۇ قەستەن،
شاماللار قېتىدا قالار ئاھلىرىم.

سەن بەلكىم ئۇنتۇدۇڭ ئۇ چاغنى نىكەم،
ئېسىڭدە قالغىنى ئۆزگە مۇھەببەت.
كىملەرگە باغلىماي رىشتىمنى ئەمدى،
سىمايىڭ قەلبىگە ھەمراھدۇر ئەبەد...

روشەن، ساباھەت، ئېرشات، ئەنسەر ۋە قاھارلار ئوتتۇرا

مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار ئىدى. شۇ چاغلاردىن تارتىپلا ئەنسەرنىڭ روشەننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. لېكىن روشەننىڭ قەلبىدە باشقا بىر ھېسسىيات — بىر جۈپ قاپقارا چىرايلىق كۆزنىڭ سېھرى ئۇنىڭ سەبىي ھەم نازۇك قەلبىنى گاھ لەرزىگە سالسا، گاھ شېرىن لەززەت ئىلكىدە ئازابلايتتى، ئۇ ئەڭ پىنھان، ئەڭ مۇقەددەس بولغان بۇ مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ پاك قەلبى ھەم شەرمى - ھاياسى بىلەن يېتىلدۇرۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇ مۇھەببەتنىڭ ماكانى، يايلىقى ۋە ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بەرگۈچى مۇنبەت تۇپرىقى، يەنە شۇ مۇھەببەت روشەندىن ئىبارەت پاك ۋۇجۇد ئىگىسىنىڭ دىل ئارامى، كۈچ - مادارى ۋە ياشاش ئارمانى ئىدى. ئۇ خۇددى كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن دېڭىزدىكى يېگانە نۇرلۇق ماياكتەك ئۇنى يېڭى بىر ئىستىقبالغا باشلىماقتا ئىدى. ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ مەيداندا نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر رىقابەتچىدىن غالىب كېلىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئالىي مەكتەپ ئەڭ بۈيۈك نىشان، ئەلۋەتتە. روشەنگە نىسبەتەن شۇ نىشانغا يېتىشنىڭ ئۆزى بارلىق ئارزۇ - ئارمانغا يەتكەن بىلەن تەڭ ئىدى. ئاخىرى ئۇ نىشانغا يەتتى، لېكىن مۇھەببەتتە غەلىبە قىلالمىدى. مۇھەببەت ئېرىقتىكى سۇغا ئەمەس، بەلكى ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۇنى يا كۆرگىلى، يا تۇتقىلى ۋە ياكى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. گەرچە روشەننىڭ تەلىيىگە ئۇ ئىككىسى بىر مەكتەپ، بىر فاكۇلتېت، ھەتتا بىر سىنىپقا بۆلۈنگەن بولسىمۇ...

«بولسىمۇ» دېگەن بۇ بىر ئېغىز سۆز روشەننىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ، قۇلاق پەردىلىرى تۈۋىدە توختىماي ياڭرايتتى، بۇ ھەم يېقىمسىز، ھەم ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئىدى. ئۇنىڭغا زەھەرلىك يىلاننىڭ سۆزى، ئەزرائىلنىڭ تەھدىدى، پۇت - قولى ھەم كۆزى يوق ئاجىز بىر بەندىنىڭ ياشاش ئۈچۈن خۇداغا قىلىۋاتقان نىداسىدەك پىغانلىق بىر نالە يوشۇرۇنغانىدى.

※ ※ ※

ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار تەتىلدە يىغىلىپ ئويناپ كېلىشۋاتاتتى. تۇيۇقسىز روشەن مىنگەن ۋېلىسىپىتنىڭ زەنجىرى شاراققىدە قىلىپ چىشلىق چاقتىن چىقىپ كەتتى.

— ۋىيەي، قانداق قىلارمەن؟

— نېمە بولدى؟ نېمە بولدى؟ — ساۋاقداشلار چۇرقىراشقىنىچە ۋېلىسىپىت ئەتراپىغا ئولاشتى.

— پاھوي، ما ۋېلىسىپىتنىڭ قوتالىقىنى، ھېلىمۇ باينىڭ قىزى بولغىنىڭىز! — قارا قاش، ئاق يۈزلۈك چىرايلىققىنا بىر يىگىت چاقچاق قىلغاچ ۋېلىسىپىت پىدالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى-دە، چاقنى پىرقىرىتىشقا باشلىدى.

— زەنجىر چىقىپ كەتكۈدەك مىنگەندىن كېيىن سىزمۇ يامانكەنسىز، — يىگىت روشەنگە لەپپىدە قاراپ قويدى. خۇددى ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىچىۋالغاندەك قېتىپ تۇرۇپلا قالغان روشەن دىرىڭڭىدە چۆچۈپ كەتتى-دە، ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن، لېكىن قىزلىق غۇرۇرى تۈپەيلىدىن بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىر جۈپ قاپقارا كۆزدىن بالقىغان نۇر-ھارارەتنىڭ تەپتىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدى توك تەپكەندەك جۇغىدە بولۇپ كەتتى. قاراپلا تۇرۇشنى بىئەپ كۆرگەن روشەن كۈلگەندى. كۈلكىسى ئۆزىگە تولىمۇ يېقىمسىز بىلىندى-دە، ئۆزىنىڭ كۈلكىسى، تۇرقى، ھەتتا كىيگەن كىيىملىرىدىن تارتىپ ھەممىسىگە بىراقلا ئۆچ بولۇپ كەتتى.

مانا بۇ يىگىت روشەن ۋەسلىگە كېچە-كۈندۈز ئىنتىزار بولغان، بىز ساباھەتنىڭ تويى كۈنى مەست ھالەتتە ئۇچراتقان قاھار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، روشەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە قالدۇرغان قىممەتلىك پۇرسەت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئەنە شۇ بىر جۈپ قاپقارا چىرايلىق كۆز، يېقىملىق تەبەسسۇم ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك كۆڭۈل خۇشى ھەم ئارمانى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم شۇ كۆزلەرنى ئۇچراتقىنىدا، ئۆزىنى كۈنلەردىن بىر كۈنى كېلىدىغان بەختلىك گۈزەل كېلەچەكنىڭ غالىب ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىدىغاندەك يەڭگىل ھەم خۇشۋاق ھېس قىلاتتى. دائىم تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان گۈزەل چېھرىدە ساغلام ھەم بىغۇبار ياشلىق جىلۋىسى خۇددى تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك پارلاپ تۇراتتى. روشەن ھەر كۈنى گۈگۈم پەيتىدە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ بالكونىغا چىقىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىغا مەجنۇنلارچە تىكىلىپ خىيالغا كېتەتتى-دە، ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ئەسلىمىلەرنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھۇزۇرلىناتتى. لېكىن شۇ بىر جۈپ كۆز خىيالىغا كېلىشى بىلەنلا ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ، خۇددى شەپەقتىن رەڭ ئالغاندەك ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى.

ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، ئۇلار بەشىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ ۋاقىت روشەن ئۈچۈن، قايسى بىر شائىرنىڭ شېئىرىدا دېيىلگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى گاھ مىڭ دەريا ئىنىدەك يىراق، گاھ قدغەزچە يېقىن بىلىنىپ يۈردى. روشەن ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايلا قالدى.

باھارنىڭ چوكانتال مەزگىلى ئىدى. روشەن تەنتەربىيە مەيدانىنى بويلاپ، قىزلار ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىر توپ ۋىژىلدىغان پېتى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مورىسىگە تەگدى. ئۇ پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلگەن مەيدانغا غەزەپ بىلەن قارىدىيۇ، ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ كەتتى. ئالدىدا ھاۋا رەڭ تەنتەربىيە كىيىمى كىيگەن قارا قاش، قارا كۆز، ئاق

يۈزلۈك يىگىت ئۈنىڭغا خىجىللىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.
— كەچۈرۈڭ.
— ھېچقىسى يوق.

سېنىڭ ئۈچۈن تاياق يېدىم،
بىر مىڭ ئالتە يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
جانىم قارا كۆز.

ھېلىغۇ، مۇرەم ئاغرىپ كېتىپتۇ، سۇنۇپ كەتسىمۇ سەن بولغىنىڭ ئۈچۈن كارى چاغلىق. شوخ، ئويناق، غۇبارسىز كۆزلەر روشەنگە خائىنلىق قىلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ خىجىل بولۇپ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى.

— روشەن، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بارئىدى. ھازىر ۋاقتىڭىز بارمىكىن؟

ئاھ! زارىقىپ كۈتكەن پەيت ئاخىر كەلدى. بىر يىل، ئىككى يىل، ئۈچ يىل، ياق، توپتوغرا بەش يىل، 1825 كۈن! ياق، ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ! ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا بولسىمۇ ئۇ بۇ بەختكە ئېرىشەلىدى. ئۇ خۇددى قۇياش پارلىغاندەك نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى ئۈنىڭغا تىككىنىچە ئىزىدا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، ئۆز بەختىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ، قولىدىكى توپنى مەيدانغا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، يەڭگىل قەدەم ئېلىپ قېشىغا كەلگەن يىگىت بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتكە تۈنجى قېتىم بەختىيارلىق تۇيغۇسى بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىدە تەبىئەتنىڭ بۇ قەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى پەقەت ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. روشەن يۈرەك

سوقۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى.

— روشەن، مەن ئىلگىرى بىرىگە تەلەپ قويۇپ باقمىغان، شۇڭا بۇ جەھەتتە تەجرىبەممۇ يوق، مېنىڭچە سىز بۇنىڭغا توغرا قارايسىز.

— گېپىڭىزنى تازا چۈشىنەلمىدىم.

— چۈشەنمىگۈدەك يېرى يوق. راستىنى ئېيتقاندا، تەلەپ قويۇشقىمۇ سەنئەت كېرەككەن. بولمىسا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېسىلا ئىش تۈگەيدۇ. بىراق بۇ قىزلارغا ئۇزۇن جەريان بولمىسا، تازا كۆڭۈللۈك تۈيۇلمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا سىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىپ قالدىم.

— ياردەم سىزدىن ئايلانسۇن! — روشەن گاھ قىزىرىپ، گاھ تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. بارغانسېرى ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ھەم چاڭقاپ كېتىۋاتقاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

— مەن بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

— كىمنى؟ — يىگىت روشەننىڭ كۆزلىرىگە كۈلۈپ قارىدى. مۇشۇ كۈندە يىگىتنىڭ كۈلكىسى روشەننىڭ كۈلكىسى ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بەلكىم، ئۇ ھازىرلا «روشەننى» دېيىشى مۇمكىن. پەرۋەردىگارىم، ھاياجانلىنىپ كېتىپ تۇۋلىۋېتىشتىن ساقلىغايسەن!

— كىمنى؟ — روشەن قايتۇرۇپ سورىدى.

ئەنە ئۇنىڭ كۆزىدىنمۇ مۇھەببەتنىڭ نۇر - ھارارىتى تۆكۈلۈۋاتامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندىكىن ئادەمنى تەقەززا قىلمىسا بولامدىغاندۇ؟ ئەنە، ئۇ ھازىرلا «روشەننى» دەپ، پاك ھەم گۈزەل مۇھەببىتىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايدۇ.

— كىمنى؟

— ساباھەتنى.

— ساباھەت. . . ساباھەتنى؟ — روشەن قاتتىق ئەندىكىپ

كەتتى. چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەندى. «ساباھەت» دېگەن ئىسمىنى قايتا - قايتا تەكرارلىغىنىچە بىرنەچچە قەدەم دەلدۈگۈنۈپمۇ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — يىگىت چۆچۈپ روشەنگە قول ئۇزاتقان ئىدى. روشەن ئۇنى سىلكىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يۈرىكى خۇددى سوقۇشتىن توختاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— قاھار، ساباھەت... ئۇ ياخشى قىز... سىلەرگە بەخت تىلەيمەن!

روشەن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. قاھار ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى.

روشەنىنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى، يۈرىكىدىن چىقىپ كۆزلىرىنى، يۈلتۇزلىرىنى، ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان پىيادىلەر يولىنى، پۈتكۈل ھاياتلىقنى ئىلكىگە ئالغان تەبىئەتنىڭ كەڭ باغرىنى يۇيماقتا ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ساباھەتنى پۈتۈن بىر كۈن ئىزدىمەي قويدى. ھەتتا بۇ يەتمىگەندەك، ئۇنىڭغا قارىسىنىمۇ كۆرسەتتىشنى خالىمىدى، يۈرىكىدىكى ئاچچىق ھىجران ئازابى بىلەن كۆچلۈك ھەسەت ئوتلىرى ئۇنىڭ نازۇك جىسمى ئىچىدە تىنىمسىز قۇترىماقتا ئىدى.

ئاھ! زارىقىپ كۈتكەن مۇھەببەت ئۇنى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن داغدا قويدى. ئۇ گۈگۈمغا، قۇياشقا، ئاي - يۇلتۇز، ھەتتا تەڭرىگە سېغىنىپ تۇرۇپ، ئازاب دەستىدە تۇگۈلۈپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدىنى ئاچچىق - ئاچچىق ياشلارنىڭ كەلكۈنىگە تۇتۇپ، قانچىلىك تولغىنىپ يىغلىسىمۇ، بۇ ئازابتىن خالىي بولالمىدى. شۇ تاپتا ئۇ كىمدىن تەسەللى كۈتەلەيدۇ؟ ساباھەتتىنمۇ؟ ئۇنىڭغا بۇ ئازابنى قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن؟ ئاھ

قاھار! ئۆزى ئۇچۇن ھەم قۇدرەتلىك، ھەم ئازابلىق تۇيۇلىدىغان بۇ ئىسىمنى ئۇ ئىختىيارسىز ياد ئېتەتتى. كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى. كۆز ياشلىرىنى تەبىئەت يۇتۇپ كەتكەن شۇ كۈندىن بېرى ئوينىاق كۆزى، ھەتتا يۈرىكىمۇ مانا بۈگۈنكىدەك سوغۇق تۇس ئالغان ئىدى. لېكىن مانا مۇشۇ يوللار ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ گۇۋاھچىسى.

ئاھ ئۆتمۈش! سېنى ئۇنتۇماق نەقەدەر قىيىن ـ ھە؟!

ئۇنىڭ خىياللىرى تۈگىگەندە، ئاللىقاچان تۈننىڭ قارامتۇل پەردىسى زېمىن ئۈستىگە يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. روشەننى قىزىدىن ئەنسىرەپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاپىسى مۇڭ ۋە ھارغىنلىق ئىچىدىكى ئاجىز ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

## 4

بىر ئايدىن كېيىن، روشەننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، تېرىقچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ پاكىز تازىلانغان ئىشخانىنىڭ سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان دېرىزىسىدىن تەكلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇستەل ئۈستىدە تۇرغان باغاق دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ، روشەننىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— تەكلىپنامە بەك ياخشى يېزىلىپتۇ.

— شۇنى دېگىنە ھەم يېڭى، ھەم ئۆزگىچە، — ئۇستەلنىڭ قارشى تەرىپىدە پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغان ساباھەت بېشىنى كۆتۈرۈپ باغاققا قاراپ قويدى. روشەن باغاقنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى ئۇنىڭغا قايتا ئوقۇپ بەرمەكچى بولغاندەك دېكلاماتسىيە قىلدى:

«كېلىڭ دوستلار نەغمىگە، ئەھلى سورۇن پەيزىگە،
خۇش زەبان شوخ كۇلكىلەر چاچقۇ كەبى چېچىلسۇن.
سىلەر قەدەم باسساڭلار چىقار بۇ توي ئەۋجىگە،
قىز - يىگىتنىڭ قەلبىدە، بەخت گۈلى ئېچىلسۇن.

ئېھتىرام بىلەن: نەبى، ئالىيە

ئورنى: ياشلار رېستورانى»

— باغاقنى ئېلىپ قويساڭ بولغۇدەك روشەن، كېيىن كېرەك بولۇپ قالىدۇ.
— ماڭىمۇ؟
— ساڭا بولماي ماڭىمتى؟ — ساباھەت چاقچاق ئارىلاش قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ قويىدى.
— ۋاي خۇدايىمەي. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكۇدەك شېئىرنى تاپقۇچە، توي قىلمىسام قىلمايمەنكى، خەق ئىشلىتىپ مەززىسى قالمىغاننى ھەرگىز ئىشلەتمەيمەن جۇمۇ.
— ۋاي قانداق قىلاي. بۇ قېرى قىزنىڭ ھالىنى!
— ۋاي ئىشىڭنى قىلە، نېمە جېنىمنى چىقىرىدۇ ماۋۇ، ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ نەنىڭ قېرى قىزى بولاي؟!
— شۇ، توي قىلماي يۈرۈۋەرسەڭ، ئەلۋەتتە گۈلۈڭمۇ ئېچىلمايدۇ - دە، ھە راست مۇراتنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ.
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، نەدىن ئاڭلىدىڭ؟
— ئېرشات شۇنداق دەيدۇ. ئىشقىلىپ ئويلىشىپ باق. كونىلاردا: «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دەيدىغان گەپ بار. ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ خەقنىڭ ھەممىسىنى قاچۇرۇپ بولدۇڭ، تەڭتۇشلەرنىڭ ئارىسىدا سېنىڭدەك

قىزلاردىن بىر ـ ئىككىسىلا قالدى، خاپا بولۇپ كەتمە يەنە، دوست بولغاچقا ئاغرىتىپ دەۋاتىمەن، مۇراتمۇ يامان بالا ئەمەس.

— ئادەمنىڭ سىرتىغا قاراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— ۋاي قوۋۇرغام. سەن زادى قانداق بالىلارنى ياخشى كۆرۈسەنكىن ـ تاڭ؟

— ئەڭ ئاۋۋال غورۇرلۇق، — روشەن بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ شەيتانلىق بىلەن ساناشقا باشلىدى، — ئۇنىڭدىن كېيىن بىلىملىك، ئەخلاقلىق، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان، خۇش چاقچاق يىگىت بولسا بولدى.

— ۋاي — ۋۇي، بۇنداق يىگىتنى زاۋۇتقا بۇيرۇتساڭمۇ چىقمايدۇ، قەدىرلىكىم.

— ياق دوستۇم. مېنىڭ زاۋۇتتىن چىققان ياسىما ئادەم بىلەن خوشۇم يوق. بۇنداق يىگىت ئەتراپىمىزدا چوقۇم بار. ھاياتنى ھەقىقىي سۆيگەن ئادەمدە بۇ خىسلەت تەبىئىي بار بولىدۇ. سەن ئويلاپ باق، بىز نېمىشقا توي قىلىمىز؟ پەقەت ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈنلىمۇ؟ ياق، تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق يولىدا ۋاپادار ئەر ـ ئايال، ئىشەنچلىك دوست بولۇش ئۈچۈن! بۇ ئاددىي گەپ بولغان بىلەن بۇنىڭ ئىچىگە بىر ئائىلە، يەنە جەمئىيەت، خىزمەت ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھەممە ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن. مانا مۇشۇنداق ئائىلىلا ھەقىقىي ئائىلە، ئەنە شۇنداق ياشىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ. بىز شۇنداق ياشاشقا ھوقۇقلۇق تۇرۇپ، نېمىشقا بۇ ھالقىلىق تاللاش پۇرسىتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكۈدەكمىز؟ بۇ ئالەم پەقەت كارۋان يولىدىكى بىر ئۆتەڭ، خالاس، ئۆتەڭدىكى دەم ئېلىش ياخشى بولمىسا، ئەتىدىكى سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانغا ئوخشاش. بۇ ئالەمدە ياخشى ياشىيالمىساڭ، ئۇ ئالەمدىمۇ جەننەتكە كىرىپ كېتىشىڭ ناتايىن.

بۇ گەپتىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خېلىغىچە جىم بوپقالدى.

روشەن ساباھەتنىڭ پوپايكا توقۇشىغا قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى. ساباھەت روشەنگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇگۇن كەچتە ئالىيەنىڭ مەسلىھەت چېيى ئىكەن، قانداق قىلىسەن؟

— ئەلۋەتتە بارىمەندە.

— مەن بۇرۇنراق بارمىسام بولمايدۇ، ئۇ بىچارە بىزنىڭ تويدا بەكلا پالاقلاپ كەتكەن، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، دېگىنە، — ساباھەت سائىتىگە قاراپ قويدى - دە، — ۋىيەي، سائەت ئۇچتىن ئېشىپتۇ، مەن مېڭىۋېرەي جۇمۇ، — دەپ يىپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بۆلۇمدىن چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا، بۆلۇم ئىشىكىدە يەنە پەيدا بولدى.

— ھە راست، روشەن، بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قايتىمەن. كەچتە بىزنى ئالغىلى ئېرشات بىلەن مۇرات بارىدۇ، ئىدىيەڭدە تەييارلىق قىلىپ قوي - ھە!

## 5

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۇنى يەكشەنبە ئىدى. بىر كۇنلۇك ئۆي ئىشىدىن ئەمدىلا بىكار بولغان روشەن يازلىق چايخانا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز دەرۋازىنىڭ تۆمۇر ھالقىسى شاراقلاپ قالدى. ئىشىك ئالدىدا سېرىق چىراي، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ھارۋىغا قېتىلغان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ھارۋىغا بېسىلغان تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك، ئېشەكنىڭ بېلى خېلىلا ئېگىلىپ كەتكەن ئىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سەمەت جۇيجاڭنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟

— ھەئە.

— بۇ تاۋۇزلارنى دادىڭىز سېتىۋالغانىدى.

— ھە! — روشەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، دەرۋازا قانىتىنى چوڭراق ئاچتى ۋە دېھقانغا ياردەملىشىپ تاۋۇز توشۇشقا باشلىدى.

— تاۋۇزنىڭ كىلوسىنى نەچچىدىن سېتىۋاتىسىلەر؟

— 20 تىيىندىن.

— نېمانچە ئەرزان؟

— ئەمدى سەمەت جۇيجاڭنىڭ يۈزىدە، — دېھقان سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى.

— ئۇنىڭ يۈزى، بۇنىڭ يۈزى دەپ، ئەرزان بېرىۋەتسەڭلار، زىيان تارتمامسىلەر؟

— ھەي سىڭلىم نېمىسىنى دەيسىز؟ — دېھقان ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — ئۇنىڭسىزمۇ پايدا ئېلىپ كەتكىنىمىز چاغلىق دەڭا.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ يەر قىممەت، ئوغۇت قىممەت، سۇ قىممەت، دورا قىممەت، مەھسۇلات ئەرزان، كەتكەن گۇڭنىڭ ھەقسىزلىكىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، كىرىم چىقىمنى يەنىلا ياپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشلىقنى سورتقا توشقۇزماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ دەڭا.

روشەن گەپ سورىغىنىغا تويۇپلا قالدى. ھۆكۈمەت دېھقاننى باي بولسۇن دەپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋەتتى. لېكىن دېھقان ھۇرۇنمۇ يا خۇدانىڭ بەرگەن رىزقى شۇنچىلىكمۇ، تېخى چاپىنى تىزىدىن ئاشقىنى يوق. دادىمۇ قىزىق، بىزنىڭ كۈنىمىز دېھقانىنىڭ كۈنىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى تۇرسا، يەنە ئامال بولسا ئۇلاردىن ئالساملا، دەپ تۇرىدۇ. بۇ بىچارىنىڭ تۇرقىنى كۆرگەندىن كېيىن بازار باھاسىدا ئالسا بولمامدۇ؟ بىزمۇ ئۇنچىلىك ئازغىنا پۇل بىلەن تېخىمۇ كاتتىلىشىپ كەتمەيمىز. ھاجەتمەن دېھقان ئازراق بولسىمۇ كېمىنى تولۇقلىۋالار ئىدى.

روشەن دېھقاننىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا خىيال بىلەن تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بىر قىزىل رەڭلىك تاكسى كېلىپ توختىدى ـ دە، ئىچىدىن مۇرات چۈشتى.

— مۇراتقۇ بۇ، — روشەن پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز؟

— بۇياققا كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— سىزنى ئىزدەپ بولمامدۇ.

— ياخشىغۇ، ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئېسىڭىزدە باركەنمەن ـ ھە؟

— بولمايچۇ، ئولتۇرسام خىيالىمدا، ئۇخلىسام چۈشۈمدە يۈرسىڭىز.

— ھا... ھا... ھا... — روشەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۆزە يۈرگەن ۋاقتىڭىز بولسىمۇ باشقىلارغا قالىدىكەنغۇ؟

— قاراڭ شەخسىيەتچىلىكىڭىزنى، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئويلىمامدىمەن.

بۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىلىسى كۈلۈشتى.

— روشەن بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەن. ئويناپ كەلمەيمىزمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، — روشەن خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى، — بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم، ئارام ئالايمىكىن.

— روشەن، ئالدىڭىزغا ئاران بىر كەلدىم، باھانە كۆرسەتمەي بارغان بولسىڭىز. سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

— بۇ...

— ئۆتۈنۈپ قالاي روشەن، بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ! — روشەن ئوڭايسىزلانغىنىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي مۇراتقا قاراپ

تۇرۇپ قالدى. خىزمەتكە چىققان ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ گەپنى تالايلىغان يىگىتلەردىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، روشەن ھازىرقىدەك ئارىسالدى بولمىغانىدى.

— مەيلى ئەمىسە، بىراق سىزنى يېرىم سائەتچە ساقلىتىپ قويىدىغان بولدۇم - دە.

— چىقىدىغانلا بولسىڭىز، كېچىچە ساقلىساممۇ مەيلى ئەمەسمۇ.

— راستىما؟ — روشەن شىتىلىلىق قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، چىقماي قويماڭ يەنە.

— ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قالغىنىنى ئۆزۈم بىلىمەندە، — روشەن كۈلگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كەچ، سائەت 9 دىن ئاشقان چاغ. ئاۋات بازارنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان قەھۋەخانىنىڭ ئىچى گۆڭگا چىراغ يورۇقىدا غۇۋا كۆرۈنەتتى. مۇلازىمەت پوكىيىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ساپادا يەلكىسى ئوچۇق، كالتە قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىككى كۇتكۇچى قىز گازىر چېقىپ ئولتۇراتتى. پوكەي ئىچىدىكى يىگىت ئۇنئالغۇنىڭ نەرىنىدۇ كوچىلاپ ئاۋارە ئىدى. پوكەي يېنىدىكى كىچىك بۆلۈمدە مۇرات بىلەن روشەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— روشەن، مەن دېمەكچى بولغان گەپ شۇ. سىز قانداق ئويلايسىز، بۇ ماڭا قاراڭغۇ، شۇنداقتىمۇ رەت قىلمايدۇ، دېگەن ئارزۇدىمەن. دوستلىرىڭىزمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توي قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر سىزلا قالدىڭىز، يەنە قاچانغىچە يۈرىسىز؟ — مۇرات روشەنگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئالدىدىكى پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئوينىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

روشەن ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەي سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇستىگە كىيىۋالغان ئاق كۆڭلەك بىلەن ئالدى ئوچۇق قارامتۇل كۇل رەڭ پوپايكا ئۇنى سالاپەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ساقال -

بۆرۈتلىرىمۇ پاكىز ئېلىنغان بولۇپ، كەينىگە قايرىپ تارالغان چاچلىرى قىزغۇچ چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ روشەننىڭ ئىختىيارسىز ئۆپكىسى ئۆرۈلدى - دە، ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران توختىتىۋالدى. ئەگەر مۇرات ئۇنىڭ سۆيگۈنى بولسا، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، بىر قېتىم قانغۇچە يىغلىۋالسا، بەلكى ياشلىق ئۆمرىدە تارتقان روھىي ئازابىغا يەتكۈدەك تەسەللى تاپقان بولار ئىدى.

روشەن تالاي قېتىم مانا مۇشۇنداق شېرىن ئارزۇلاردا بولغانىدى. ئۇ، ئەگەر ماڭا مەڭگۇ ھەمراھ بولالايدىغان بىر ۋاپادار يىگىتىم بولسا، شەپەق نۇرى سۇ يۈزىنى قىزىل تۇسكە كىرگۈزگەن پەيتتە، كۆز يەتكۈسىز دەريانىڭ سۇ يالاپ تاقىر قىلىۋەتكەن قۇمساڭغۇ ساھىلىدا ئۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم قانغۇچە قاقاقلاپ كۈلۈپ، شوخلۇق قىلىپ ئوينىۋالسام، دەيتتى. بەلكىم، ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالغان بولسا كېرەك، ئۆزى ئارزۇ قىلغان كەلگۈسىدىكى شۇ يىگىت مانا ئالدىدا ئولتۇرمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئەنسەرگە قارىغاندا جىگىرى بار. يەنە كېلىپ، قاھارىنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ، مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىۋاتامدۇ؟

شۇ ئارىدا سىرتتىن ئاڭلانغان تونۇشلا بىر ئاۋاز روشەننى ئىختىيارسىز خىيالىدىن سەگىتتى. تونۇش ئاۋازنىڭ ئىگىسى نېمىنىڭدۇر باھاسى ئۈستىدە مۇلازىم بىلەن تالىشىۋاتاتتى.

— 80 كوي بېرەيلى.

— ياق، 120 دىن كەم بولسا بولمايدۇ.

— ماڭەۋاي، تايىنى قالمىغان نېمىلىرىڭگە نېمانچە تالىشىسەن؟

— يارىمىغان بولسا، تايىنى بارنى تاپساڭ بولىدىغۇ! — مۇلازىم سوغۇقلا جاۋاب بېرىۋېدى، بايىقى تونۇش ئاۋاز يەنە بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. روشەن ئىشىكتىن بېشىنى

چىقىرىپ سىرتقا قارىدى. پۈكدې ئالدىدا ئېرشات بايىقى ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ گازىر چېقىۋاتقان قىزلارغا قولىنى جونۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ئېرشات! — روشەن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى ـ دە، بۆلۈمدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، — بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئېرشات روشەنگە قاراپ قويدى ـ دە، ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— سودا! — دېدى. ئۇ غەرق مەست ئىدى.

— مۇشۇنداق سودا قىلىۋاتامسەن؟ كۆڭلۈڭ نېمىدېگەن پەس سېنىڭ؟!

— نېمە گەپ بۇ روشەن؟ بىز دېگەن ئوغۇل بالا ـ ھە؟! — ئېرشات ئىرەنسىزلا جاۋاب بەردى.

— ياق، ئېرشات. بۇ ھەقىقىي ئوغۇل بالىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. جۇر، ئۆيگە قايت! — روشەن ئېرشاتنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپلا سىرتقا تارتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزى ئاچچىقتىن ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تىترەپ كەتكەنىدى.

— ھويت قىز، قالتىسقۇسىز؟ — نېرىدا قاراپ تۇرغان ناتونۇش بىر يىگىت ئېرشاتنىڭ ئورنىدا روشەنگە دىۋەيلىدى، — نېمىڭىز ئىدى ئۇ؟

— نېمەم بولاتتى؟ دوستۇمنىڭ ئېرى!

— دوستۇڭىزنىڭ ئېرى بولسا، سىزگە نېمە دەز كەتتى؟

— سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ دوستۇمنىڭ ئېرى بولمىغاندىمۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بۇ!

— ۋاي نادان كاككۇك! ساۋاقداشلىق دېگەن مەكتەپتە قالدى. ھازىر دېگەن بىزدەك ئەل ـ ئاغىنىلىرى بار يەردە ساۋاقداشلىق دېگەن نېمىتى؟ يېنىڭىزدا يىگىتىڭىز بولغاندىن كېيىن، غىتتىدە قىسىپ ئولتۇرمامسىز!

— ئىشىڭنى قىل، نومۇسسىز!

— ۋاي ئاناڭنى، نېمە دەيدۇ ما قانجۇق؟!

يىگىت روشەنگە دىۋەيلەپ كېلىۋېدى. مۇرات بىلەن ئېرشات ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى تورىۋالدى.

— قويۇپ بېرىڭلار. يىگىت بولسا چېكىپ باقسۇن قېنى!

— بولدى، بولدى، مۇرات ئاچىقىپ كېتە ما نېمەڭنى!

— ئېرشات! — روشەن ئاچچىق بىلەن كېلىپ ئىرشاتقا ئېسىلدى، — «ما نېمەڭنى» دەيسەنغۇ؟ نېمە بولدۇڭ سەن ئۆزۈڭ؟ كۆڭلۈك راستتىنلا شۇنچىلىك پەسمىدى؟!

— بولدى قىلىڭ، روشەن! — مۇرات سالا قىلدى.

— ياق! — روشەن ئەمدى گەپ باشلاي دېگەنىدى، ئېرشات گەپنى شارتتىدە تارتىۋالدى.

— قىز بالا دېگەنچۇ، قاراڭ روشەن، بىر بەدبەشىي سۇرەتكە ئوخشايدۇ. ئۇنى ئاللا ئەرلەر زوقلانسۇن دەپ ياراتقان. قانداق، خالىغان ئادەم زوقلىنىشقا ھەقلىق ئەمەسمىكەن؟ بۇنداق ئىشتىن ئوغۇل بالا ئېتى بار قايسى يىگىت خالىي ئىكەن؟ ئىشەنمىسىڭىز مۇراتتىن سوراپ بېقىڭ.

— مۇراتتىن؟ — روشەن چۆچۈپ مۇراتقا قارىدى. ئۇ خۇددى نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە روشەنگە قاراپ تۇراتتى، — مۇرات، سىز دوختۇر تۇرۇپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنىڭ زىيىنىنى سۆزلەشتە يوق، ئۆزىڭىزمۇ قىلىپ يۈرەمسىز تېخى؟!

— روشەن، قاراڭ...

— بولدى قىلىڭ، ماڭا ئەمدى چۈشەندۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا! قانداق خەق سىلەر؟ ناتونۇش بىر ئايالنى كۆڭلۈڭلار قانداقمۇ خالاۋاتقاندۇ؟ قىلچىلىك مۇھەببەت بولمىغان يات بىر ئايالنىڭ جىسمى سىلەرگە قانچىلىك لەززەت بېرە؟ نومۇسسىز! سىلەرنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقىڭلار بار؟ كۆڭلۈڭلار بەئەينى بىر چېلەك يۇندى ئىكەن سىلەرنىڭ!

— روشەننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى،

— تۇفى! — ئۇ يەرگە شالاقىدە بىرنى تۇكۇردى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، ئىشىكتىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. كۆز ئاسمىنىغا بىر نېمە دېمەك تەس، روشەن سىرتقا چىققاندا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە توختىماي ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋەردى.

ئاھ خۇدا! بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز تۈگىشىپتۇ، تۈگىشىپتۇ! بېرىمى ئاق ئالۋاستىغا قۇل بولۇپ كەتسە، يېرىمى غۇرۇرى، ئىززەت — نەپسىنى يوقىتىپ پاھىشىۋاز بولۇپ كەتسە، بىز يەخىرلەنگۈدەك يىگىت قالدىمۇ؟ ئۇلار نەدە، زادى نەدە؟ بۇ نىدالار روشەننىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قۇلاق پەردىلىرى تۈۋىدە، گۈڭگا يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا، يۈرتىنىڭ يامغۇرلۇق ئاسمىنىدا ئاۋازسىز ياڭرىماقتا ئىدى.

## 6

گەر بولسا قەلبىڭدە پىنھان بىر ئازاب،
شۇ قەدەر ئاچچىق ھەم ئېيتقىلى بولماس.
كۆم ئۇنى سۆكۈتنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە،
سۆكۈتتۇك سۆزلەيدۇ بىر كۆن ساڭا خاس.

— ئاسو سۇبوۋ

«گۈل — چېچەك باھارنىڭ ۋەدىسى، مۇددەتلىك تاشقىن دېڭىزنىڭ ۋەدىسى، يىراق مەنزىل يولنىڭ ۋەدىسى. دۇنيا نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلغاچقا، سۆكۈنات ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئورنىنىپ ياتىدۇ. ۋەزنى بار بىر ۋەدە گويا بىر ئېگىز تاغقا ئوخشايدۇ، ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ تاغنىڭ ئاستىغا باستۇرۇلۇپ

قىلىۋاتىدۇ.»
روشەن كۆندىلىك خاتىرىسىگە يېزىلغان قۇرلارنى كۆرۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز ئۆكسۈپ كەتتى. ئاھ خۇدا! بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە نېمە بولغاندۇ؟ سۆكۈت ھەم مۇھەببەتكە ئورنىنى ياتقان تەبىئەت باغرىدا تۆرىلىپ ھەم ئۇنىڭ قوينىدا چوڭ بولغان تۇرۇقلۇق مۇنداق ۋاپاسىزلىق ۋە رەزىللىكنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ شەيتان، ھەممىنى قىلغان شەيتان!
ئىھ خۇدا، نېمىشكە شەيتانغا ئادەملەرنىڭ تومۇرىنى ماكان قىلىپ بەرگەن بولغىيدىڭ؟ — روشەن مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى، پىرقىرىتىپ قويىۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ ساباھەتنى ئويلىدى، — بىچارە دوستۇم، سېنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقاندۇ؟
بۆلۈم ئىچىدە يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان روشەن ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، سىرتقا چىقماق بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، ساباھەت كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ بىر ئىدارىدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچرىشاتتى. روشەننىڭ ئەنسىرىگىنىمۇ دەل مۇشۇ ئۇچرىشىش ئىدى. مانا ئەنسىرىگىنىگە يارىشا ئۇنىڭ ئالدىدا ساباھەت كۈلۈپ تۇراتتى.
— نەگە ماڭغانتىڭ؟
— سېنىڭ يېنىڭغا چىقايمىكىن دەپ، — روشەن زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ قارىسىغىلا جاۋاب بەردى، يۈزلىرى خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك چىملداپتتى.
— بىلگەندەكلا كىرىپتىمەن، — ئۇ روشەننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ سىرتقا قارىدى، — ئەجەب ياغدى بۇ يامغۇر.
— شۇنى دېگىنە.

— نېمە بولدۇڭ، جىمىپلا كېتىپسەنغۇ؟

— مۇشۇ ھاۋا رايى بولمامدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىپ... ساباھەت جىمىپ قالدى.

— راست، قاھار توغرىلىق گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق؟ — روشەن سوئال نەزەرى بىلەن ساباھەتكە تىكىلدى.

— بىر ماشىنىچى قىز بىلەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ، تاشلىۋېتىپتىكەن. ئوتتۇرىسىدا بىر ئىشلار بولغان چېغى، ئۇ قىز ئەرز قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — روشەن قاتتىق چۆچۈپ. ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، — خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسەن؟

— مەن قاچان ئاساسى يوق گەپنى قىلغان ئىدىم؟ قىزىق - تە سەن، قاھارنىڭ گېپىنى قىلسام سەن نېمە سەكرەيسەن؟ — ساباھەت چاقچاق قىلغاچ، ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى.

— ياق، ئەمدى ئۆزۈمچىلا، قاھارنى بەك ئېسىل يىگىت چاغلاپ قاپتىكەنمەنچۇ، — روشەن تېزلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى غەليانىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ بۇ خىل ساختا مىجەزى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ئەمەس، بەلكى يىللارنىڭ يالدامىسى ئىدى. ئۇ قەلبىدىكى ئازابلىق ھەسرەت ۋە ھەسەت ئوتىنى غەيرەت بىلەن بېسىپ، جىمىپ قالدى.

خەيرىيەت، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، كەتتى. ئەمدى پايدىسىز ئىشلار ئۈچۈن ئازابلىنىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ بەلكى يوق! مەڭگۈ يوقتۇر؟

— ھە راست، مۇرات بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— قىلمىغىنا ئۇنىڭ گېپىنى! — روشەن ئاچچىقى بىلەن ساباھەتنى سىلكىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە.
— قىزىققۇسەن؟
— بولدى قىل، تولا سۆزلەۋەرمە، «ھە»لا دېسە، ئوغۇل بالا، ئوغۇل بالىلا دەيدىكەنسەن. مەن ئۇلاردىن بەك بىزار! — ساباھەت داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھېلىقى كۈندىن بېرىقى ئازاب روشەننى روھىي جەھەتتىن خېلىلا چارچاتقان ئىدى. خۇددى ئۇ ئىشلار يەتمىگەندەك، بۇگۈنكى بۇ گەپ ئۇنىڭ يارىلانغان قەلبىگە تۇز سەپمەكتە ئىدى.

ئاھ خۇدا، سەن ياراتقان ئىنسانىي خىسلەت زادى نەگە كەتتى؟!

— روشەن، ساڭا چوقۇم بىر ئىش بوپتۇ، بولمىسا بۇنداق قىلمايتتىڭ. نېمىلا بولمىسۇن مەن سېنىڭ دوستۇڭ، كۆڭلۈڭدە قانداق گەپ بولسا ماڭا دە، ياردەم بېرەلمىگەندىمۇ، ساڭا تەسەللى بېرەلەيمەن، — ساباھەت ئورنىدىن تۇرۇپ روشەننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ سورىدى، — ساڭا زادى نېمە بولدى؟

— جېنىم ئاداش، بۇنى ساڭا كېيىن دەپ بېرەي! — روشەن ساباھەتكە ئۆتۈنۈش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ساباھەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سىر، خالاس.

— بوپتۇ ئەمىسە.

شۇ كۈنى كەچتە يامغۇر توختاپ قالدى. لېكىن ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. تاماقنى بۇرۇنلا يەۋالغان روشەن تېلېۋىزوردىن كۆرگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي، تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇراتتى. دەل شۇ ئارىدا قوشنىسىنىڭ قىزى چاقىرىپ قالدى.

— روشەن ھەدە، سىزنى بىرى چاقىرىۋاتىدۇ.

روشەن چىققاندا، مۇرات يولنىڭ بويىدا ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز، روشەن؟ بارمۇسىز، كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ يامغۇر بېسىۋالمىغاندۇ؟

— ھە، ياقەي، — روشەن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ تۇرۇۋەردى.

— ھېلىقى كۈندىكى گەپلەر قانداق بولۇپ كەتتىكىن، دەپ كېلىۋېدىم، — مۇرات سەل مەست ئىدى.

— ئەمدى ئۇ گەپلەرنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى قالمىدى، مۇرات. ياخشىسى، بولدى قىلىڭ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ئوغۇل بالا جۇمۇ بىز.

— كۆردۈم ئوغۇلبالىلىقىڭلارنى.

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭ. مەنمەن دېگەن بالىلارنىڭ بىرى جۇمۇڭ بىز، بىزگە ئۇنىماي تازا بىر سەھرالىق بىلەن كېتىپ قالماڭ يەنە.

— سەھرالىق ئادەم ئەمەسمىكەن؟ تېخى سەھرانىڭ بالىلىرى گەنجىڭ كېلىدۇ، يەنە كېلىپ، قەلبىمۇ سەھرانىڭ ھاۋاسىدەك ساپ دەڭا، — روشەن مۇراتقا مەنسىتمىگەندەك قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭ، پەقەت ئۇنىماي تۇرۇۋالسىڭىز بېسىم ئىشلىتىپ قويمايلى يەنە، — مۇرات چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

— ھەددىڭىز ئەمەس.

— راست دەيمەن. بولمىغاندا، روشەن بىلەن ئارىلىشىۋاتىمەن، دەپ گەپ چىقىرىمەندە، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بولمايدىغان قىز ئىكەن، تاشلىۋەتتىم دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن «ياق» دېگەنگە تويىسىز.

— ئېپلاس! — روشەن تۇيۇقسىزلا مۇراتنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، — سېنىڭ ئوغۇلبالىلىقىڭ شۇنچىلىكمىدى، يوقال كۆزۈمدىن! — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، يۈگۈرگەن پېتى

ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كېچە دەھشەتلىك بىر جۇدۇن كەچ كۈز تونىغا ئورىنىپ ياتقان تەبىئەتنىڭ باغرىنى خۇددى روشەننىڭ قەلبىدەك مالىمان قىلماقتا ئىدى.

ئاھ خۇدا، ياشلىقتىكى بۇ تالالاش نېمىدېگەن قىيىن! خۇدا ئىنسانلارنى ياراتقاندا، پېشانىسىگە بىرنى پۈتۈپ، ئۇنىمۇ تەڭ يارىتىدىكەن. ھامانە شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئادەمنى بۇنچە كويلارغا سالغۇچە، ئۇنىڭ ئىسمىنى پېشانىمىزگە يېزىپلا قويسا ياكى بولمىسا ئىسمىنى دىلىمىزغا سىلىپ، تۇرقىنى چۈشىمىزدە ئايان قىلسا بولماسمىدى؟ ئىزدەپلا تېپىۋالار ئىدۇق. دېلىغۇللۇقتا بۇنچە ئاۋارە بولغۇچە، بۇ تۇرمۇش يولىدىن بىراقلا ۋاز كېچەي دېسەڭ تېخى! ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئەنئەنە بۇنىڭغا ئەسلا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەلبى قۇرۇق ئادەملەرلا تۇرمۇشتىن قورقىدۇ، دەيدىكەن. مانا ئەمىسە دەپلا بىرىنى تاپاي دېسەڭ تېخى بولمىغان. بۇ ھاياتلىقنىڭ ئۇزاق يولىدا كىشىلەرنى ئالدىغان بىلەن تۇرمۇشنى ئالدىغىلى بولمايدۇ ـ دە. ئادەممۇ بۇ ئالداشتىن كېلىدىغان ئاقىۋەتكە بەرداشلىق بېرەلىسە بولىدۇ. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بىر ئادەم نۇرغۇنلىغان جىسمانىي ئاۋارىچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن. لېكىن مۇھەببەت جەھەتتە ئۈچ قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىق ئادەمنى روھىي جەھەتتىن مەڭگۈلۈك تۈگەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىكەن. مەن مانا شۇنىڭدىن قورقىمەن. چۈنكى ئادەم ھېسسىيات بىلەن ھەقىقىي ئادەم، مەن روھىمدىن ئايرىلسام ھېسسىياتتىنلا ئەمەس، ئەقلىمدىن، غايەمدىن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمدىن ئايرىلغان بولىمەن. ئۇ چاغدا دۇنيادا ياشىشىمنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟ غايە، ئىرادە ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن!

زىمىستان قىش. ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، قۇياشنىڭ ئالتۇن

رەڭ نۇرى كۆڭۈلگە يېقىملىق تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. بالىلار تەتىلگە قويۇۋېتىلگەن كۈنلەر بولغاچقىمۇ، كوچىدىكى ئادەم بۆلەكچىلا كۆپ كۆرۈنەتتى. ساباھەت بىلەن روشەن خىزمەت بىناسىدىن كۈلۈشكىنىچە خۇشال چىقىپ كەلدى.

— جۇرە، بىزنىڭ ئۆيگە كەت. بۇ سوغۇقتا ئۇ ئۆيۈڭگە قاچان بارىسەن؟ ئېرشاتمۇ بىر كۈن چۈشتە ئۆيگە بارمىغىنىڭغا بىر نەرسە دەپ كەتمەس.

— بىر نەرسىغۇ دەپ كەتمەيدۇ، ئەمدى شۇ چوڭ خوجايىنلار ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟

— چۈشتە بەك سوغۇق ئىكەن، يېقىن دەپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم دېمەمسەن.

— مەيلى ئەمىسە، جۇرە ئارقا كوچا بىلەن ماڭايلى! ئېرشات كۆرۈپ قالسا، ھەئە تازا ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە مېڭىپسەن، دېمىسۇن! — ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى-دە، چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ يان كوچىغا قايرىلدى.

— روشەن بىرەر ئوقۇش بولغان بولسا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن بولساق ھە؟

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ، ئوقۇشنىڭ چوڭىغا بېرىپ بولدۇڭ، ئەمدى يەنە نېمە ئوقۇش ئۇ ساڭا؟

— ۋاي تاڭەي، — ساباھەت كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ كۈندە ئوقۇش ھاياتىمىزنى ئەسلەپ يۈرىيدىغانلا بولۇپ قالدىم. نېمىدېگەن ئېسىل چاغلار ئىدى-ھە ئۇ؟!

— ئۇنىڭ گېپىنى بىر قىلما، مۇشۇ كۈندىن جاق تويدۇم. قەلبىمدە مۇھەببەت يا نەپرەتتىن ئەسەرمۇ يوق. بارى چېكى يوق بىزارلىق، ئوقۇغۇچى ۋاقتىمىزدا تېرىمىزگە سىغماي خۇشال يۈرەتتۇق. بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمىز ئىدى. بىر كۈنى تەنتەربىيىدىن ئىمتىھان

ئالدى، مەن ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپ سىنىپقا كىرسەم سىنىپتا بىرمۇ قىز يوق، ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسى تىزىپ قويغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. مەن ھوشۇمنى يىغىپ قارىسام، نېمە ئىش بوپتۇ دېمەمسەن؟

— ھە نېمە ئىش بوپتۇ؟

— مېنىڭ ھېلىقى جىگەر رەڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىم ئېسىڭدە بارمۇ؟

— يولدا كېتىپ بېرىپ پاشنىسى چۇشۇپ قالغان ئايىغىڭمۇ؟

— ھە شۇ، ئوغۇللار شۇ ئايىغىمنى پارتىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ، پارتىنى مۇنبەرگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ، ئاچچىغىمدا سىنىپتىن يىغلىغان پېتىم چىقىپ كەتتىم. ھا... ھا... ھا ...ھازىر بولسا، شۇلار بىلەن تەڭ قىزىقچىلىق قىلىپ كۈلمەتتىم.

— ئۇ چاغلاردا سەن تەنتەربىيە ئايىغىڭنى ئالغاچ كېلىپ دەرس ۋاقتىدىلا ئالماشتۇرۇپ كىيەتتىڭ - ھە؟! — ھەر ئىككىلىسى تولا كۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدا، پەردازلىرىمىز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بولدى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن سەبىي ئىكەنمىز شۇ چاغلاردا، ھازىر نەدە دەيسەن شۇ غەمسىزلىك. ئادەم كىچىكىدە چوڭ بولسام دەيدىكەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ يەتكۈچە تويىدىكەن.

— ئەسلىي ئۇنچىمۇ ئەمەس ئىدى روشەن، قەلبىڭدە مۇھەببەت بولمىغاچقا، بۇ تۇرمۇش ساڭا زېرىكىشلىك تۇيۇلۇۋاتقان گەپ.

— ۋاي تاڭەي ھېچ بىلمىدىم، ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەقنى تازا قاقشاتتىڭ، بولمىغاندا شۇلار يېنىۋاتقاندۇ ئۆزۈڭگە.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا

ھەممىدىن بەك ئەنسەرنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەن دېگىنە.
— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ بىچارە ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت ئىدى.
— قويە ئۇنى، ياخشى بولغان بىلەن بەك ياۋاش، ئۆز ۋاقتىدا ئىككى ئېغىز گېپىنى جاڭگىدە قىلغان بولسا، بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالار بولغىيتتىم. ياخشى بولغان بىلەن بار ـ يوقنىڭ ئارىسىدا لۆمشۈپ يۈرسە، سەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلامسەن؟ مېنىڭ بۇ تۇرقۇمدا ئۇنداق ئادەم بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتمايمەن دېگىنە. ماڭا قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار ئوغۇل بالا بولمىسا، ئىككى كۈندىلا، كۆتەر قاسقىنىڭنى! دەمدىمەنكىن دەپ، بەك ئەنسىرەيمەن.
— قىزىقتە سەن، كىمنىمۇ تاپارسەن ئاخىرى؟
— شۇنى دېمەمسەن، توۋا ساباھەت، مۇشۇ ئوغۇل بالا دېگەن نېمىگە ئىلگىرىكىن ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بىراق يەنە ئىختىيارسىز شۇلارنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن. چوڭ بولۇپ قالدىممۇ يا؟ يېشىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولسام كېرەك، تۇرۇۋېلا دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالىمەن. ئىشنىڭ يولىچە بولسا، ئادەم كەسپتە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ جورا تاللىسا، مانا بۇ ئاساسى مۇستەھكەم، كەلگۈسى پارلاق ئائىلە بولىدۇ، دەيمەن. بىراق ھازىرچۇ؟ ھەممىلا ئادەم مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكۈپلا كەتتى. تەۋەككۇل دەپ بىرىنى تاللىۋالىدۇ ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ھارام شېخى كۆپىيىپ، ئاخىرى ئايرىلىپ كېتىدۇ.
— بالدۇر ئېچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ، دېگەن شۇ.
— بىراق ھازىر ھەممىلا گۈل بالدۇر ئېچىلىپ كېتىۋاتامدۇ؟
— ھە، شۇڭا ئەنسىرەپ قاپتىكەنسەندە، ھا... ھا... ھا...
— شۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان

بولسام، بۇ ئالىقانچىلىك يۇرتتا كۆن ئالغىلى بولىدۇ دەمسەن؟ يا بىز ئوغۇل بالا بولمىساق، يېشىم چوڭىيىپ كەتسىمۇ كىچىك قىزلار تولا دەيدىغانغا؟ ھېلىمىغۇ تىرناقتا توختىغۇدەك ئوغۇل بالا تولا. شۇغىنىسى، كۆڭۈلدە توختىغۇدەكلىرى چىقمايۋاتامدۇ؟

— ھە، مۇنداق دە، ئەسلىدە. . .

ئىككى دوست دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتۈشىگىلا ئالدىدا تۇرغان تونۇش ماشىنىنى كۆرۈپ، تەڭلا سۆزدىن توختاپ قېلىشتى ۋە بىر ـ بىرىگە مەنىلىك بېقىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— توۋا خۇدايىم، ئارقا كوچا بىلەن ماڭغىنىم بولدىمۇ بۇ، قاچقاننى قوغلا دېگەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ!

— «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن شۇ.

— نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ بۇ؟

— كىم بىلىدۇ؟

ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە ساقچى فورمىسى كىيگەن ئۈچ يىگىت بىلەن ئىبرشات ۋە روشەننىڭ ئىنىسى ئەنۋەر بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئالدىدا يوچۇن بىر يىگىتنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇشاتتى. ئەنۋەر بىلەن ئىبرشات قىزلارنى كۆرۈپ يول بويىغا چىقتى.

— ياخشىمۇسەن، ئىبرشات، نېمە قىلىپ يۈرۈيسىلەر بۇ يەردە؟ — روشەن دوستىنى ئاياپلا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— ياخشىمۇسىز؟ سىلەرنى ساقلاپ.

— ۋاي ساراڭ، تۈز گەپ قىل!

— ساقچى يىگىتلەر بىلەن بىر يەرگە بارىدىغانغا كېلىشىپ قويغان. شۇ ياققا ماڭغانتۇق. يولدا ئەنۋەر ئۇچرىۋېدى. ئۇنىمۇ ئېلىۋالدۇق. بۇ يەردە ئازراق ئىشى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ. . .

— نېمە ئىش ئىكەن؟

— ئاۋۇ تۇماق كىيگەن كىشى بۇ يەرلىك ئەمەسكەن. مۇشۇ ئۆيىنىڭ كۈيئوغلى دەمدۇ، ئىشقىلىپ بۇ مۇشۇ يەردە

ئـولـتـۇراقلىشىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. كىملىكىڭنى ئېلىۋال دېسـە، ئۇنىماي يۇرۇپتىكەن، ھازىر كېلىپ يەنە شۇنى دېسە «ئـۆزۈمـنـىـڭ بار تۇرسا، نېمە قىلىمەن ئۇنى؟» دەپ بوي بەرمەيۋاتىدۇ. شۇڭا بىزمۇ پوپوزا قىلىۋاتاتتۇق.

— ھازىر يېنىدا كىملىكى بارمىكەن؟

— ھەئە، باركەن.

— ئەمىسە يەنە نېمشقا ئالىدۇ؟ نوپۇسقا ئاپتىمىكەن؟

— ياق.

مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، فورما كىيىۋالغان بىر يىگىت ھېلىقى يوچۇن يىگىتنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى.

— نېمانداق قىلىدۇ ئاۋۇ؟ — روشەن ۋېلىسىپىتنى قويۇپلا ماڭغان ئىدى. ئېرشات:

— بولدى ھوي، — دەپ سالا قىلدى. لېكىن روشەن پەرۋا قىلماي يۇگۇرۇپ بېرىپ ئارىغا كىردى.

— نېمانداق قىلىسىز؟ كىم بەردى سىزگە ئادەم ئۇرىدىغان ھوقۇقنى؟

— كىملىكىڭنى ئال دېسەك ئۇنىمايۋاتامدۇ.

— ئۆزىنىڭ بار ئىكەن. يەنە بىرنى ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ يا بۇ يەرگە نوپۇسىنى يۆتكەپ كەلمىسە.

— ئـىـشـقـىـلىپ، مۇشۇ يۇرتنىڭ توپىسىغا دەسسىدىمۇ، بولدى. مۇشۇ يەرنىڭ كىملىكىنى ئىشلىتىشى كېرەك.

— قـانـداق بالا سىز، قانۇننى بىلمەمسىز نېمە؟ بۇ بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىغۇ؟ مەيلى جەنۇبتىن، مەيلى شىمالدىن، مەيلى شـاڭـخەي، مەيلى بېيجىڭدىن ئالسۇن، مۇشۇ دۆلەت پۇقراسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان گۇۋاھنامىسى بولسىلا، بۇ دۆلەتنىڭ قـايـسـى بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىغا بارمىسۇن يەنىلا ئوخشاش رول ئويناۋېرىدۇ.

— سىزنىڭ نېمە كارىڭىز، قانۇننى بىز ئىجرا قىلامدۇق

سىزمۇ؟
— ئەلۋەتتە ۋەزىپىڭىز بولغاندىن كېيىن سىز ئىجرا قىلىسىز. لېكىن ھەقىقەتنى كاللىسى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ياقلاشقا ھەقلىق.
ھېلىقى يىگىتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى. ئۇنىڭ كەينىدە 70 نىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر بوۋاي بىلەن ئاق يۇزلۇك مىسكىنگىنە بىر ياش ئايال روشەنگە ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇراتتى.
روشەن يىگىت تارتىۋاتقان خورلۇقنى خۇددى ئۆزى تارتىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ خۇدانىڭ ئوخشاش بەندىسى تۇرۇپ، بىرى كۆچىگە تايىنىپ زورلۇق قىلسا، يەنە بىرى خورلىنىۋاتسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئاڭسىز ئادەملەرگىغۇ مەيلى دەيلى، ئوقۇغان زىيالىيلىرىمىزغا نېمە دېگۈلۈك؟! ئىست، سېنىڭدىكى ئوغۇلبالىلىق! بۇنىڭدا تىرناقچىلىكمۇ غۇرۇر يوق ئىكەن ـ دە؟! بۇ خىياللار روشەننىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ياش ئايال قورقۇمسىراپ ئېغىز ئاچتى:
— خېنىم، تېخى 200 كوي جەرىمانىمۇ بار. بىز ئۇنىڭغا نېمىمىزنى بېرىمىز دەيلا؟
— نېمە دەيدىغاندۇ، شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ تېخى؟ بۇنى تەشكىلگە دەپ قىلىۋاتامسىلەر، ئۆزۈڭلار بىلىپلىمۇ؟
— بۇ ئىشلارغا سىز ئارىلاشماڭ، تەشكىل دېگەن مانا بىز. ئۇستىمىزدىكى فورمىمىز قانۇنغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
— ئۆتەپ بېرىڭ نېرى، مەن چۇشتىن كېيىن يېزىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرىمەن بۇ ئىشنى! — روشەن تەرسالىق قىلىپ، بايىقى يىگىتلەر بىلەن خېلىلا دېيىشىپ قالدى.
— بولدى قىلىڭ، روشەن! — ئىرشات يەنىلا سالا قىلدى.
— نېمىدەپ بولدى قىلاتتىم، قاراپ تۇرۇپ ئادەم

ئۇر ۋۇاتسا؟ !

راست دېگەندەك، چۈشتىن كېيىن روشەن يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا بايىقى ساقچى بالىلارنى خېلىلا ئەدەپلىدى. كەچتە ئۇكىسى ئەنۋەر بىلەن پاراڭلاشتى.

— ئەنۋەر سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن. بۇرۇن مەنمۇ چۈشەنمەيتتىم. خىزمەتكە چىققاندىن بېرى جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ ئاق ـ قارىنى خېلى پەرقلەندۇرەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. بىز سەھرادا چوڭ بولغان بولساقمۇ، باياشات ئائىلىدە خۇددى پارنىكتا ئۆسكەندەك، جاھاندىن بىخەۋەر يۇردۇق. كوچىغا شۇنداقلا چىقساڭ ساماندەك ئادەم ئۇچرايدۇ. لېكىن سېنىڭ قورسىقىڭ توق، كىيىمىڭ پۈتۈن بولغاچقا، ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ باقمايسەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ تېشى پۈتۈن بولغان بىلەن سەن بىلەن مەن چۈشەنمەيدىغان رەھىمسىز تۇرمۇش بېسىمى ئۇلارنىڭ قەلبىنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتكەن. ئۇلاردا دادامنىڭكىدەك ھوقۇق ھەم پۇل يوق. بالىلىرىدا بىزنىڭكىدەك ئەۋزەل شارائىت يوق. ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىسە يەنە ساغلام ئوخشاش پۇل ۋە ھوقۇق بىلەن ئامىتىنى سېتىپ ئالالمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى شۇ پۇرسەتكە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا ئىگە بولالمايدۇ. نېمىشقا؟ ئەنۋەر بۇلارنى چۈشىنىشىڭ ئۈچۈن ساغلام ۋاقىت كېرەك. ئۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ ئېرشاتقا سېلىشتۇرما. ئۇ تۇزۇكمۇ ئوقۇمىغان، يەنە كېلىپ بىز دىنمۇ بەكرەك «كاتتا» ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ قەلبى، ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدى پۇلدىن باشقا نەرسىنى تونۇمايدۇ. ئۇنىڭدا ساپ ئىنسانىي قەلب دېگەن نەرسە يوق. دۇنيادا ئوغۇل بالا بولماق ئاسان، لېكىن ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولماق تەس.

روشەن گەپتىن توختاپ قالدى. ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. كۆز جىيەكلىرىدە ئېلىنىپ تۇرغان ياش تامچىلىرى

يۈزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ كەتتى.

— ئەنۋەر . . . — ئۇ ئەمدىلا گەپكە ئېغىز ئېچىشىغا سىرتتىن بىرسىنىڭ «روشەن!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يۈزلىرىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ چىققاندا، ئۇنى ئىشىك ئالدىدا بىر قىز ساقلاپ تۇراتتى.

— سىز . . . سىز ئەنسەرنىڭ ھەدىسىغۇ؟

— ھەئە، تاسلا قالدىڭىز ھە، تونۇماي قالغىلى.

— بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسىز. شەھەر قالتىس يارىشىپتۇ سىزگە.

— شۇنداقمۇ، رەھمەت سىزگە!

— قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟

— ھەئە، ئىشلەپ يۈردۈق شۇ.

— سىز بىلەن پاراڭلىشىپ كېلەي، دەپ كەلگەن ئىدىم.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، ئۆيگە كىرەيلى.

— بولدى مەن ئالدىرايمەن.

— ئىشىك ئالدىدىن كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، يەنە كېلىمەن، — ئەنسەرنىڭ ھەدىسى خۇددى گېپىنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى، — روشەن، مەن ئەنسەر توغرىلىق سىز بىلەن پاراڭلىشاي، دەپ كەلگەن ئىدىم. ئەسلىي بۇ گەپلەرنى مەن قىلىپ يۈرسەم توغرا بولمايتتى، بىراق ئەنسەر مېنىڭ ئىنىم، ئۇنى ھەممە ئادەمگە قارىغاندا مەن بەكرەك چۈشىنىمەن، ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل ھەم سەمىمىي. شۇڭا ئۇنىڭ دىلى ئازار يېسە خۇددى گۇناھ بولىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن ھەم ئۆزۈممۇ پەقەت چىدىمايمەن. بۇ يەردە مېنىڭ ئارتۇق سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ئاۋۋال سىز بۇ خەتنى ئوقۇپ بېقىڭ، قالغان گەپنى كېيىن

دېيىشەرمىز. ئەمىسە مەن قايتاي، — روشەن ئەنسەرنىڭ ھەدىسى ئۆزاتقان خەتنى تۇتقىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ خەتنى دېمىگەندىمۇ، بۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە ئىدى.

— ئۆيگە كىرمەيلا كېتەرسىزمۇ؟ ئەجەپ سەت بولدى، — ئەنسەرنىڭ ھەدىسى روشەننىڭ تۇتقىنىغا قارىماي، قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز قايتىپ كەتتى.

«سالام قەدىرلىك ھەدە! ياخشىمۇسەن؟ بۇگۈن مەن قاتتىق دەرد - پىراق ئىلكىدە ئولتۇرۇپ ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. مەن ھازىر مەست. ئەتىگەندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر ئۆزاقتىن بېرى پىغان ئۆرلەپ تۇرغان قەلبىمنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى. قانغۇچە بىر يىغلىۋالغۇم بار ئىدى، لېكىن مەن دېگەن ئوغۇل بالىدە. شۇڭا قەلبىمگە تەسەللى بولار دەپ چىلاشقۇچە ئىچتىم. سېنىڭ ھارافكەشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. لېكىن مەن ئادەم - دە. دەردتە ئېزىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، شۇ ئازابنى بىر دەملىك بولسىمۇ ئۇنتاي دېگەندىم. ئەپسۇس، ئۇ، پىغانىمنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. ھازىر يازغان خېتىمنى مەستلىكىم يېشىلگەندە ئوقۇپ كۆرۈپ، ساڭا ئەۋەتىشتىن يالتىيىپ قېلىشىم ئېھتىمال.

قەدىرلىك ھەدە، سەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، شۇ يەردە قېپقالدىڭ. بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى. ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. بۇ گەپلەرنى پەقەت سەنلا چۈشىنىسەن.

ھەدە، ھېلىقى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم روشەن ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن ئۇنى ‹روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، قارىغان ئادەمگىمۇ ئىختىيارسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ› دەپ ياخشى كۆرەتتىڭ. ھازىر ئۇ تولىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتتى. ئۇ، ئادەمگە ناھايىتى شوخ ھەم ئىنتايىن سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. يېقىملىق ناخشىلىرىچۇ تېخى! ئويلىسام ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپلا كېتىمەن.

لېكىن ئۇنىڭ قەلبى بىر پارچە مۇز، ياق، مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان تاش. ئۇنى تەسىرلەندۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. لېكىن مەن شۇ قىزنى، دەل شۇ مىجەزىنى. . . نېمە دېسەم بولار، راستىنى ئېيتسام بەك ياقتۇرىمەن. مانا مۇشۇ ئالتە يىلدىن بېرى ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. 〈روشەن〉 دېگەن بۇ ئىسىمنى كۈنىگە بەلكىم مىڭ قېتىم تەكرارلايمەن دېسەم، ئارتۇق كەتمەس. بىزنىڭ ساۋاقداشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توي قىلغىلى تۇردى. ھەر قېتىم تويدىن قايتقاندا، ئۇنى ئۆيگە مەن ئاپىرىپ قويۇپ كېلىمەن. يول بويى ھەر ئىككىلىمىز ئۈندىمەيمىز. قەلبىمدە تالايلىغان سۆزلىرىم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا قەلبىمنى ئىزھار قىلالمىسام، ماشىنامدا ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدىنىڭ قالغىنىغا خۇش بولۇپ، يەنە كەلگەن يولۇمغا قايتىپ كېتىمەن.

بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ نەبىنىڭ تويى بولدى. ئارا مەھەللىلىك سىرىق ئالىيە ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ نەبى شۇ قىزنى ئالدى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەت چېيى بولغان كۈنى كەچتە روشەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىر بالا بىلەن بىللە قايتىپتۇ. بىللە قايتقىنى يەتمىگەندەك، تېخى ئىككىسى بىر موتسىكىلىتقا مىنىۋېلىشقان ئىكەن. دەل مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ موتسىكىلىتى بۇزۇلۇپ قالدى. روشەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. يەرگە چۈشكەندىمۇ ئۇلار سۈركۈلۈپ دېگۈدەك تۇرۇشاتتى. خۇددى ئاسمان - زېمىن ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، يەر - جاھان پىرقىراپ كەتتى. مەن ماشىنىنى ئەمەس ماشىنا مېنى باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ماشىنىنىڭ تۆت چاقى يەرنى ئەمەس خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقاندەك، قاتتىق ئازابتا تولغىنىپ كەتتىم.

يۈرىكىم ئالما ئەمەس،
سەن تۇتۇپ ئوينايدىغان.

مېنىڭ بۇنچە ئازاب تارتقىنىمدىن كۆرە، مەن سۆيگەن شۇ ۋۇجۇد ئىگىسىنىڭ يۈرىكىمنى ئالما قىلىپ تۇتۇپ ئويغىنىنى ئەۋزەل ئىدى. شۇ ئازابتا ئۆزۈمنىڭ سەزگۈلىرىمنى قانداق تېز يوقاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئېسىمدە قالغىنى كۆز چاناقلىرىمنىڭ ئاچچىق ياشقا تولۇپ، نەپسىمنىڭ قىسىلغانلىقى ئىدى. دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە مەن خۇددى روشەن ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام ياشىشىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدىغاندەكلا ئاجايىپ بىر ۋەھشىي تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن كۆرە، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئۆلگىنى تۈزۈك ئىدى. يەنە كېلىپ مۇراتنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى تازا بىلمەيتتىم. شۇڭا روشەندىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتىم، مەن شۇ خىياللار بىلەن ماشىنىنى ئۇلارغا ئۇدۇللاپ ھەيدەپ، ئوقتەك ئۇچۇپتىمەن. ھېلىمۇ تەلىيىمگە يارىشا شۇ مەسلىھەت چايدىن يانغان ئىككى قىزنى يولدا ئۇچرىتىپ ماشىنىغا سېلىۋالغان ئىكەنمەن، ئۇلارنىڭ قاتتىق چىرقىراپ كېتىشى بىلەن تېزلا ھوشۇمغا كېلىپ، ماشىنامنى قاتتىق تورمۇزلاپ توختىتىۋالدىم، شۇندىمۇ غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ھەسەت ئوتلىرى ئىچىمگە پاتماي، قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتىم، ھەدە!

شۇ كۈنى ماشىنىدىكى قىزلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتتىم، لېكىن ئۆيگە پەقەت بارغۇم يوق ئىدى. كۆزلىرىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆز ئالدىمنى تورىتىۋالغان بىلەن، بايىقى ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىنى ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايتتى. يول بويىدىكى بىر بوتكىغا كىرىپ بولۇشىغا

ئېچىپ، قايتىدىن ماشىنامغا چىقتىم. ئاچچىق ھاراق ئازابلىرىمغا ئازراق تەسەللى بولغانىدى. ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئىسقىرتقىنىمچە كېتىۋەردىم. بىر چاغدا ماشىنا بىر نەرسىگە بېرىپ سوقۇلغاندىلا توختىدىم. ئۇ كۈنى ئاي تولغان ئىكەن، قارىسام كۆز ئالدىمدا ئاپئاق دالا ئاقىرىپ يېتىپتۇ. يالغۇزلۇقتا پىغانىم قايتىدىن ئۆرلەشكە باشلىدى. گەرچە ئوغۇل بالا بولساممۇ ماشىنا رولىغا بېشىمنى قويغىنىمچە قانغۇچە يىغلىۋالدىم. شۇنداق ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىكەن. بىر كىچىك پادىچى بالا قويلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر كىچىك تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، بولۇشىغا ناخشا توۋلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم. قارا، ئۇ نېمىدېگەن غەمسىز بالا! ئەگەر تاللاشقا توغرا كەلسە، مەڭگۈ غەمسىز سەبىي بالا بولۇپ، بىر ئۆمۈر پادا بېقىشقا رازى ئىدىم. ئاخشام مەن يولدىن چىقىپ كېتىپ، يول بويىدىكى بىر دەرەخ كۆتىكىگە ئۇرۇلۇپ توختىغان ئىكەنمەن. شۇ تاپتا بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىمۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ئوڭ تەرىپىم بۈككىدە قارىياغاچلىق ئىكەن، سول تەرىپىمدە بىر كىچىك قەبرىستانلىق مۆڭگىيىپ ياتاتتى. قەبرىستانلىققا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاخشامقى ئويۇمدىن چۆچۈپ كەتتىم! ئەخمەق ئىكەنمەن، ئۆلگەندىن نېمە پايدا؟ تەبىئەتنىڭ مۇشۇ گۈزەللىكىدىن، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن، تۇرمۇشنىڭ ئازغىنا غەم- قايغۇسىدىن باشقا رومانتىك، گۈزەل ھاياتتىن بىر يولى مەھرۇم بولۇپ، قارا تۇپراق قوينىغا كىرىپ كېتەمدىم؟ ھاياتلىقتا ئۆلمەك ئاسان، لېكىن تىرىلىشچۇ؟

قارا ھەدە، پاكار قەبرىلەر ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان بىر چىرايلىق گۈمبەز بار ئىكەن. ئويلاپ باقسام، ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن تىكلىگەن ئابىدىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي خۇدا

ياراتقان تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ، قەبرىنى كۆرەلەيدىكەن. قارا، بۇ ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ ئاددىي ئايرىمىسى ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەلدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن شەنبە، نەبىنىڭ تويى بولىدىغان كۈن. زالىغا كىرىپلا، قىزلار ئارىسىدىن روشەننى ئىزدىدىم. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك شوخ ھەم ئوماق ئىدى. ئۇ ئالىلىنىپمىلەرنى دەپ، ئەتراپىدىكىلەرنى كۈلدۈرمەكتە ئىدى. لېكىن، شۇ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى ئاستىغا قانداقتۇر بىر خىل تەمەننا يوشۇرۇنغاندەك، ئىختىيارسىز كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ ئۆزلىرىنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالغان ساراڭ شوپۇرنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلدىمۇ ـ يوق، بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. نەچچە تەمشىلىپ، ئۇچىنچى قول تانسا باشلانغاندا ئۇنى تانسىغا تارتتىم. ئۇ گەپ قىلمايلا ئورنىدىن تۇردى. قارىغاندا مەن ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەن بولسا كېرەك، شۇ چاغدا مەن ئازراق ئىچىپ قىزىۋالغانىدىم. كەيپچىلىككە يۆلەپ تۇرۇپ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتىم.

— روشەن، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. بىراق سىزگە دېيەلمەي كەلدىم. ئەمدى دېمىسەممۇ بولماس... بىز ساۋاقداش، بىر ـ بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى ئۆزۈڭدىن بېرى... — گېپىمنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي روشەننىڭ كۆزىگە قارىدىم. ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىدە يەنىلا شۇ سوغۇق، تەكەببۇرانە كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۆزۈم جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىنمۇ، لەۋلىرىم قۇرۇپ، گېلىم قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەنسەر، ئۆزاقتىن بېرى ماڭا ئۈمىد باغلاپ كەلگىنىڭنى بىلىمەن، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىز بالىغا بۇنچە قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس. ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، بىراق سەن كۈتكەن جاۋابنى

بىرەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟ — تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئوت مېڭەمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتىم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر قىزغا يۈز تۇرانە تەلەپ قويۇپ ھە دېگەندە بۇ جاۋابقا ئېرىشكىنىم ئۈچۈنمۇ، يەر يېرىلسا كىرىپ كېتىشكە رازى ئىدىم.

— ناز قىلىدىغان يېرىم بولسا، ئويلىشىپ باقاي، دەر ئىدىم. ئويلاشقۇدەك يېرى بولمىغاندىن كېيىن سەنمۇ سورىما، مەنمۇ ئېيتماي، — ئۇ گەپنى كېسىپلا دەۋەتتى. مەن خۇددى زۇۋاندىن قالغاندەك ئۈن - تىنسىز بولۇپ قالدىم. تانسا ئاخىرلاشقاندا ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ خەيرلەشتىممۇ يا گەپ قىلماي كېتىپ قالدىممۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. شۇنداق قىلىپ كېتىپ قالدىم. يەنە كېلىپ بىراقلا ئۆيگە كەتتىم. لېكىن ئورۇن سېلىپ يېتىپ بولۇپمۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمىدى. 《بۇ توي - دە، ھەر قىسما باللار كېلىدۇ، ئۇنى خەق بوزەك قىلىپ كەتسىچۇ؟》 ئۇنىڭ بوزەك بولمايدىغىنىنى بىلىپ تۇرساممۇ، قايتىدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىنىپ، توي بولۇۋاتقان زالغا قايتىپ باردىم.

مەن بارغاندا، توي ئاخىرلىشاي دېگەنىكەن، مەن زالغا كىرىشىم بىلەنلا ئۇسسۇل مۇزىكىسى باشلاندى. كەينىمدىن كىمدۇر بىرى ئىتتىرىپلا زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتىم. زالنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، روشەننى ئۇسسۇلغا تارتتىم. لېكىن ئۇ قوپقىلى ئۇنىمىدى. ھەممىسى بىزگە قاراپ تۇرغان پەيتنىڭ ئۆزىدە غۇرۇرۇم يەر بىلەن يەكسەن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يەكتىز بولۇپ يۈكۈندۈم. زال ئىچىدىن قىقاس چىقىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە مىڭ نالە بىلەن ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتاتتىم 《 —بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى، روشەن!》 ئۇ يەنىلا ئادەم ئىكەن. مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم

ئۇنىڭ قاتتىق ھودۇققىنىنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇ ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئالدىمدىلا ئىدى. بىر ئويلىسام ئۇ ناھايىتى يىراقتا، بىر ئويلىسام يېنىمدىلا ئىدى. بۇ قانداق كۆرۈنۈش، قانداق سېزىم، ھەدە؟ قەلبىم ھەم يىغلاپ، ھەم كۈلمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېشىدىن ياغلىق ئۆرۈپ، بويىنىغا ئېسىپ قويۇۋېدى، ئۇ خىجىل بولغىنىدىن قېچىپلا قىزلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۇسسۇل مەيدانىدا يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئېھتىمال، بۇ مەڭگۈلۈك يىتتۈرۈشتۇر. لېكىن قايتقاندا ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇنى تېپىپ، بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ، خاتىرجەم يېنىپ كەلدىم. ئەمدى ئويلىسام، ئۇنىڭ جىسمىنى تاپقىنىم بىلەن قەلبىنى ئاللىقاچان يىتتۈرگەن ئىكەنمەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەن مەست يۈرىمەن. مەيلى ھاراق ئىچەي، مەيلى ئىچمەي مەن ئوخشاشلا مەست يۈرىمەن. ئۆيدىكىلەر توي قىلامسەن؟ دەپ قىستىغىلى خېلى بولدى. مەن زادى قانداق قىلىمەن؟ جېنىم ھەدە، مۇشۇ كۈندە توي قىلىدىغان بولسام، بەربىر ۋەيران بولۇپ كېتىمەن. مېنى تېز كېلىپ قۇتقۇزۇۋال. بولمىغاندا، كەيپىياتىم تۇراقلاشقۇچە بولسىمۇ مەن تويىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، بولمىسا ئۆمۈرلۈك روھىي ئازابنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئېزىلىپ كېتىمەن.

جېنىم ھەدە، ماڭا ياردەم قىل!»

گۆڭگا نۇر چېچىپ تۇرغان ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا خەت ئوقۇپ ئولتۇرغان روشەننىڭ قەغەز تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ گاھ مىيىقىدا كۈلۈپ قويسا، گاھ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۈمچىيەتتى. ئۇ ئەنسەرنىڭ ئۆزىنى يەك تىز بولۇپ تۇرۇپ ئۇسسۇلغا تارتقان يېرىگە كەلگەندە، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئۆزىنى پۈككىدە كەينىگە تاشلىۋەتتى. ئۇ، بىچارە ئەنسەر! دېمەكچى

بولدىيۇ توختاپ قالدى.

ئۇ بىچارىمۇ، مەن بىچارىمۇ؟ توغرا، ھەر ئىككىمىز بىچارە ئىكەنمىز. چۈنكى ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالمايۋېتىپتۇ. لېكىن مەنچۇ؟ ئالدىمدىكى ئۆزۈمگە تېگىشلىك بەختىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن. ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن بىرئۆمۈر قۇربان بەرگۈچى، مەن بولسام... ۋاي بولدىلا، بېشىم قاپاق بولۇپ كەتتىغۇ؟ جېنىم ساباھەت، شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقانسەن؟ ساڭا ئەجەپمۇ موھتاج بولدۇم! روشەن ئورنىدا يېتىپ، ئىختىيارسىز تولغىنىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن «ساق كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، ساباھەتمۇ ئۆز غېمىدە، ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. سائەتنىڭ تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازى ئۇنى دىرىڭگىدە چۆچۈتۈۋەتتى. ئەنە سائەتمۇ 11 بولدى. ئۇ تېخىچە يوق، ئۇ نەدىمۇ يۈرگەندۇ خۇدايىم؟!

بىر چاغدا ماشىنىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە كەينىدىنلا دەرۋازىنىڭ ھالقىسى ئەنسىز شاراقلىدى.

— ھەي، ساباھەت!

— ھە مانا!

ساباھەت يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئېرشات ماشىنىنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ ئۆز ئورنىغا ئاپىرىپ توختاتقاندىن كېيىن، ماشىنىدىن دادىسىنى يۆلەپ چۈشۈردى. ھەر ئىككىلىسى مەست ئىدى. ساباھەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە دېرىزىدىن ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇردى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئېرشاتنىڭ:

— ساباھەت، بىزگە چاي ئەكىر! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ساباھەت چاي ئېلىپ كىرگەندە، ئاتا ـ بالا ئىككىسى ساپادا

قىڭغايغىنچە يەڭگىل خورەككە چۈشكەندى. خۇددى ئاتا ـ بالىنىڭ خورىكىگە تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىئالغۇدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تاۋار باللار، تاۋار باللار،
تاۋاردىن ئەتىۋا باللار.

ساباھەت ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ كەينىگە ياندى. تاۋار باللارمىش! ئەنە پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان تاۋار باللار ساپادا ماكچىيىپ ياتامدۇ؟ ئۇلارنىڭ غورۇرى، پۇلنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاللىقاچان ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەردىشەپ يوق. ئاتا ـ بالىلىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرى دېگەندىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىر سورۇندا تەڭ ئىچىشىپ، بىر ـ بىرىگە ساقىي بولۇشۇپ يۈرۈشكەن، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئىنسانىي خىسلەتنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇنچىلىكمىدى؟ ھەي پۇل، ھەي پۇل. مەن پۇل بولسىلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۇ پۇلنىڭ ئازابلىرىمۇ يەتكۈچە ئىكەن. ئەگەر پۇل يوق بولۇپ قالسىچۇ؟ خۇددى ئەتىگەنكىدەك خارلىنىپ ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن. بەزىلەرنىڭ: «پۇل — بايلار قولىدا خارلىنىدىغان، نامراتلار قولىدا ئەزىزلىنىدىغان قەلەندەر قەغەز» دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا گەپ ئىكەن.

ساباھەت دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، بار ـ يوقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ چوڭ بولغانىدى. كېيىن، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئېرشات بىلەن توي قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز تاللىشىدىن چەكسىز سۆيۈنگەن ئىدى. لېكىن بۈگۈن ئۇ ئۆز ئىشەنچىسىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش فورمۇلىسىدىكى خاتالىق زادى نەدە؟

تاللاش دېگەن نېمە؟

مەيلى تۇرمۇش، مەيلى ھاياتلىق بولسۇن، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولدىن ئىبارەت ئىككى يولى بار. بۇ يوللار ھەم قارىمۇقارشى، ھەم ئىنتايىن باغلىنىشلىق، چۈنكى ئۇلار بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى - دە.

ساباھەت پەقەت ئائىلە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، توغرا قىلدى. ئۇنىڭ توغرا قىلغىنى ئۆزى چىن دىلىدىن ئارزۇلاپ سۆيگەن ئادىمىنى تاللىغانلىقىدا ئىدى. بۇ تاللاشتىن كېيىن ئۇ بارلىقىنى شۇ بىرلا ئادەمگە، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە بەختىگە ئاتىغانىدى. ئەپسۇس، ئۆز ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە قىممىتى بەدىلىگە باياشات تۇرمۇشتىن باشقا نېمىگە ئېرىشتى؟ ئۇ بۇلارنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى، بىر ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە پۇلى بولسىلا ھېساب ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى سېنىڭ ئاچقان يېرىڭگە بارالىشىدا، دېگەن ئىكەن، مەن شۇنچە گۈزەل ئىستىقبالىمدىن قول ئۈزۈپ توي قىلدىم ھەم بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنى (شۇنچە يىل ئۆگەنگەنلىرىمنى قۇربان قىلىپ) ئۆز ئىختىيارىم بىلەن زىممەمگە ئالدىم. مەن بۇنىڭدىن زادى نېمىگە ئېرىشتىم. ئېرىمنىڭ پاك مۇھەببىتى ھەم سەمىمىي كۆڭلىگىمۇ؟ ياق، مەن ئايالىق قەلبىم ۋە سەمىمىي - ساداقىتىمنى پەقەت مۇشۇ ئۇستۇمدىكى ئېسىل كىيىم - كېچەك ۋە ئالتۇن زىبۇ زىننەتلىرىمگىلا تېگىشەلىدىم. بۇلارنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى؟ ئېھ، ھاۋۋا ئانا! سەنمۇ مەندەك بولغانمىدىڭ؟ سېنىڭمۇ قەلبىڭ مېنىڭكىدەك بوش قالغانمىدى؟

ساباھەت ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

راست، ئادەم كەسپتە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ جورا تاللىسا بولمامدۇ؟ ئاھ، روشەن! سەن بەك ئەقىللىق ئىكەنسەن!

# 7

ئەتىسى ئىككى دوست تا چۈشكىچە مۈگدىشىشتى. خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمەي قالغاندەك، يىغلىپ قالغان گەپ - سۆزلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈشتى.

— ساباھەت، مەن زادى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئىلگىرى ئەنسەرنى ئۇ دەرىجىدە دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— مېنىڭچە، سەن قايتىدىن پاراڭلىشىپ باق.

— خۇدايىم تووۋا دە، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى يەتكۈچە غادىيىۋېلىپ، ئەمدى ئېگىلىمەنما؟

— خېتىڭنى كۆرۈپ بەك تەسىرلىنىپ كەتتىم. شۇڭا پاراڭلىشاي دەپ كەلدىم دېمەمسەن.

— ماڭە نېرى، — روشەن ئاغزىدا بۇنداق دېگەن بىلەن ئەتىگەندىن بېرى ئەنسەر ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئېرىپ، نەچچە قېتىم ئەسلىگە قايتقان ئىدى. مەن دوست بولغاندىن كېيىن، بۇلارنى بىر ئامال قىلىپ كۆرۈشتۈرسەم بولغۇدەك، ئۇلارنىڭ بەختى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدى ساباھەت ئىچىدە.

دېگەندەك ئىككى كۈنگە قالماي ساباھەت ئامال تاپتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئۇ ئېرشات بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ساۋاقداشلىرىنى كەچلىك ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ قويدى. ئەڭ دەسلەپ روشەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىيە، نەبى، ئەنسەر، قاھار، مۇرات ۋە يەنە ئىككى قىز كەلدى. ئۇلار تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ساپالاردا ئولتۇرۇپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشكەنىدى. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، ئېرشات غاز بويۇنلۇق سۈزۈك زەڭگەر رومكىغا قۇيۇلغان قىزىل رەڭلىك خۇش پۇراق مەينى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— ساۋاقداشلار، يىغىلىپ قاپتىمىز. بۈگۈن بىزنىڭ

خانىشنىڭ، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، ساباھەتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، — تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. شۇڭا مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيمەن ھەم سىلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشۇڭلارنى تىلەيمەن. قېنى ئەمىسە ئىچىۋەتتىم!

— سىڭسۇن! — كىمدۇر بىرى بوشقىنا ئۇن قاتتى.

ئىرشات رومكىنى قۇرۇقداپ مېھمانلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر رومكا قويۇپ، ئۇنى ساباھەتكە ئۇزاتتى:

— ئىچىشنى بىز ساھىبخانلار باشلاپ بېرىمىز، كىم ئىچىشنى خالىمىسا، بىر شېئىر ئوقۇپ قايتۇرسا بولىدۇ.

— بوپتۇ، مەن ساھىبخان بولۇپ قاپتىمەن، مەن ئىچمەيمەن دېسەم قىزلار تېخىمۇ ئىچمەيدۇ ھەقىچان. ئەمىسە مەنمۇ ئىچىۋەتتىم.

رومكىلار شۇ تەرىقىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىرشات يىگىتلەرگە، ساباھەت قىزلارغا ساقىي بولغانىدى. نۆۋەت روشەنگە كەلگەندە، ئۇ:

— مەن ئىچىپ باقماپتىكەنمەن، ماڭا زورلىمىساڭلار، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئەمىسە، شېئىر ئوقۇپ قايتۇرمىساڭ ئالمايمىز.

— نېمىنىمۇ ئوقۇپ بېرەرمەن، — روشەن بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، دېدى، — ھە، بىر شېئىر ئېسىمگە كەلدى. شۇنى ئوقۇپ بېرەي:

باغلار ئىپار، باغلار بەك كۆركەم،
ئۇنۇت بارچە قايغۇڭنى ئەركەم.
سەن تېخىچە ئىزدەمسەن بەخت،
مەن دۇنيانى ئۇنتۇغان نېكەم.

ساباھەت بىلەن روشەننىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز مەنىلىك

ئۇچرىشىپ قالدى. ساباھەت دوستىغا قاراپ مىسكىنگىنە كۈلۈپ قويدى - دە، رومكىنى قايتۇرۇپ ئالدى. سورۇندا كۈلكە - چاقچاق ۋە شېئىر ئوقۇشلار توختىماي داۋام قىلاتتى. گەپ ئارىلىقىدا ئېرشات قاھاردىن سوراپ قالدى:

— سېنى ئوقەت بىلەن ئىچكىرىگە باردىكەن، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

— ھەئە، ئىدارە بىلەن بەش يىللىق توختام تۈزۈپ يېنىپ چىقتىم.

— نېمە قىلغىنىڭ ئۇ؟ ئىچكىرىگە بارسىلا پۇل دېگەننى سۈزۈپلا ئالىدۇ، دېمىگەنسەن؟

— ئۇنداققۇ دېمىدىم. شۇنچە ئارزۇلار بىلەن ئوقۇپ كەلسەك بەرگەن خىزمىتى ئاۋۇ، ئۇ يەتمىگەندەك ۋەيرانە، نادان خەلقىنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، ئۇنىڭدىن كۆزۈم كۆرمەيلا قويسا بولىدىغۇ؟ بولسا تېخى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكۈم بار. دېمىسىمۇ بۇ يەردە مىنگىنىمىز قوتا ۋېلىسىپىت، ئىچكىنىمىز لاي سۇ، يېگىنىمىز تايىنىلىقلا، چەت ئەللەردىچۇ؟ ئالىي ماشىنا، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش. ئۆزلىرى مەدەنىيەتلىك، مۇھىتى پاكىز ھەم تىنچ، شۇ يەرلەرگە بېرىپ تاھارەتخانا ئىشچىسى بولسامۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسەن، ئۇ يەردە تۇرمۇشنى ھەقىقەتەن ئالىي دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا تەرەققىياتى ئۈستۈن. شۇڭا ئۇلارنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر دەيمىز. بىزنىڭمۇ تۇرمۇشىمىز ئۇنچە يامان ئەمەس، مانا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىۋاتامدۇ؟ سىلەردەك بىلىملىك ياشلىرىمىز باشلامچى بولسا، بىر كۈنى بىزمۇ شۇ تەرەققىياتقا يېتىمىز. ئۇنچىلىك ئىشلار ئۈچۈن چەت ئەللىككە قۇل بولىمەن، دەپ ئۆزۈڭنى چۈشۈرمىگىنە، — دائىم جىمىلا يۈرىدىغان ئەنسەردىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ گەپ سورۇندىكىلەرنى، بولۇپمۇ روشەننى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋەتتى.

— سەن غۇرۇرۇڭنى ساقلا دېمەكچىغۇ؟ كۆتە ئۇنداق

غۇرۇرنى! قېنى مەن غۇرۇرۇمنى ساتاي، قايسىڭلار چىقىپ غۇرۇرۇمنى ئىككى تەڭگىگە سېتىپ ئالىسىلەر؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەنسەر ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قاھارغا كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. لېكىن قاھار مەست بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەنسەرگە قاراپمۇ قويماي، ئالدىدا تۇرغان رومكىدىكى ھاراقنى ئېلىپ گۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي! — ئەنسەر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن جىمىپ قالغانىدى. ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇھەببەت ناخشىسى قەلبلەرنى گاھ شېئىريي تۇيغۇلارغا چۆمدۈرسە، گاھ ئازابلىق كۆڭۈللەرنىڭ ھەسرىتىنى قوزغايتتى.

قاھار پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىنى كەينىگە سىلكىپ قايرىغاندىن كېيىن:

— تانسا ئوينىمايمىزمۇ، ئاغىنىلەر؟ — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ روشەننى تانسىغا تارتتى. روشەن ئورنىدىن قانداق تۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاھار بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزى سېغىنغان ھەم ئارزۇ قىلغان ئىسسىق نەپەسلەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقىنى ئىلگىرىكىدەك ساپ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى «ياشانغان» مۇھەببەت بىلەن يېڭى نەپرەتنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى.

— روشەن، بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىپ بارىسىز جۇمۇ! — روشەن قويۇق كىرپىكلىرىنى لەپپىدە قېقىپ قاھارغا قارىدى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، سىزگە قاراپ، ئۆتكەن كۈنلىرىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — روشەننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى، ئۇ ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاھارغا قارىدى.

قاھارنىڭ كۆزلىرىدىن، تەشنالىق ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر ئارزۇ - ھەۋەس ۋە مەنىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، قاھار، ئۆزى تاللىغان تۇرمۇش يولىدىن يېنىۋېلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟

— سىزنىڭ بىر ياخشى قىز بىلەن ئارىلىشىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن.

— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — قاھار ھەيرانلىق بىلەن روشەنگە قاراپ قويدى.

— قىزلاردىن! — شۇندىن كېيىن ئىككىسى بىر مەھەل جىمىپ قالدى. بۇ ۋاقىت روشەنگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى.

— ياخشىلىغۇ ياخشى، بىراق ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— ماڭا ماس كەلمەيدۇ. مۇھەببىتىڭ بارمۇ دېسە، بار دېگۈچىلىكى يوق.

— لېكىن قاھار، ئۇ بىر پاك، ساددا قىز، يەنە كېلىپ ھەدىڭىز ھەم سىڭلىڭىزغا ئوخشاشلا قىز. خۇددى سىزگە ئوخشاش خۇدانىڭ بىر بەندىسى، بىر ئاتا - ئانىنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى - دە؟ سىزنىڭ كۆزگە ئىلمىغۇدەك ئاساسىڭىز يوقتە.

روشەن ئەمدىلا بىر نەرسە دەي دېگۈچە مۇزىكا تۇگىدى. ئۇ شۇ بىر قول تانسا بىلەنلا ھېرىپ قالغاندەك، لاسسىدە بولۇپ قالغان ئىدى.

ئاھ خۇدا! ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭ نەرىنىمۇ سۆيگەن ھەم ئارزۇلىغان بولغىيتتى؟ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ بۇ ئولتۇرۇشتىن بىزار بولغىلى تۇردى. بولۇۋاتقان گەپ - سۆز،

ھەتتا كۈلكە ـ چاقچاقلارمۇ ئۈنىڭغا مەنىسىز تۇيۇلماقتا ئىدى. بولسا بۇ سورۇندىن قېچىپلا چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى. ساھىبخان ساباھەت بولغىنى ئۈچۈنلا، چىداپ ئولتۇردى. ئەگەر ئۇ «كېتىمەن» دەيدىغان بولسا، چوقۇم ساباھەتنىڭ تىل ئاڭلايتتى. دېمىسىمۇ ئۇ، ساباھەت توي قىلغان ئالتە ئايدىن بېرى بۇ ئۆيگە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. شۇڭىمۇ ساباھەت ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: «بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيگە تولا باراتتىڭ، توي قىلغاندىن بېرى بارمايدىغان بولۇۋالدىڭ» دەپ رەنجىپ قوياتتى. تەلىيىگە، «كېتىش» نىڭ گېپىنى ئالىيە چىقىرىپ قالدى.

— ساباھەت، بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈڭنى بىز گە تازا ئوبدان مۇبارەكلىتىپ ئالدىڭ، ئۆزۈڭمۇ ھېرىپ قالغاندەكلا تۇرىسەن، بىزمۇ ئىززىتىمىزنى بىلىپ قايتىۋالايلىمىكىن؟

— ۋاي ياق، نەدىكى گەپنى قىلىشماي جىم ئولتۇرۇش، «كېلىش مېھماندىن، كېتىش ساھىبخاندىن» دېگەن گەپ بار ـ ھە؟ — ساباھەت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قىزلارغا قەستەن دوق قىلىپ قويدى. بىراق قىزلارمۇ چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆززە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ، ھەممىسىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولغانىدى.

كۆپچىلىك قايتىپ چىقىپ، روشەنلەرنىڭ مەھەللىسىگە ئايلىنىدىغان دوقمۇشقىچە كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن بىللە مېڭىشتى. بۈگۈن روشەننىڭ ئەنسەر بىلەن ئوبدان بىر پاراڭلىشىۋالغۇسى بار ئىدى. بىراق قاھار ئويلىمىغان يەردىن ئۆنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ قاھار، ئەنسەرنىڭ ئۆيىمۇ مۇشۇ ياقتا بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە كېتىمىز. بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، ھە، ئەنسەر؟ — روشەن ئەنسەرنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن بېرى ئوبدانلا يۇمشاپ قالغان ئىدى. شۇ تاپتىكى تەلەپپۇزىمۇ ئىنتايىن سىلىق ئىدى.

— ئەجەب قىلىپ كەتتىڭىز، روشەن، سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ روشەن بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، چۈنكى قاھار بۇ گەپنى بۇرۇنمۇ بىر قېتىم قىلغان.

— بولىدىلا قاھار، كېيىن دەڭ، ھازىر ئەنسەر بىلەن كېتىۋالاي!

— توختاڭ روشەن، مەنمۇ ئاپىرىپ قويالايمەن سىزنى!

بىر ياندا قاراپ تۇرغان ئەنسەر قاھارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىل بولدىمۇ، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ماڭغان ئىدى. ئۇنى روشەن توختىتىۋالدى. ئەنسەر بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن بەكلا تېڭىرقاپ قېلىۋاتاتتى. ئىلگىرى روشەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بۇگۈن بولسا ئەكسىچە. . . بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئەنسەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. قاھار روشەننى ئەنسەرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— روشەن، ئەنسەرنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، لېكىن سىز شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنى ياقتۇرماي كەلدىڭىز. بۈگۈنگە كەلگەندە مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىراق سىز ئەنسەر بىلەن كېتىمەن، دەۋاتىسىز. بىزنى زادى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان قورچىقىڭىزما بىز؟ — قاھار بەك ئېغىر بولمىسىمۇ، يەنىلا مەست ئىدى، — بوپتۇ. ئەخمەق بولساقمۇ بولۇپ تۇرايلى، بىراق كېتىش ئالدىدا چوقۇم ئىككىمىزدىن بىرىنى تاللايسىز.

— شۇنداقمۇ؟ — روشەن ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. قاھارنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

— بولىدۇ ئەمىسە، قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ، قاھار، ئىلگىرى بولسا سىزنى تاللايتتىم. لېكىن ھازىر تاللاشقا توغرا كەلسە ئەنسەرنى تاللايمەن. ماڭا ئاق كۆڭۈل، ساددا

دېھقانلار ئارىسىدا ئۆسۈپ، شۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئالىي مەلۇماتلىق بولغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ئىپلاسلىشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ كېرىكى يوق، جۆرە، ئەنسەر! — روشەن ئەنسەرنىڭ يېڭىدىن تارتقان پېتى مېڭىپ كەتتى. سەل نېرىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلارمۇ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپلا قېلىشقان ئىدى.

روشەن ئۇن ـ تىنسىز ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئەنسەر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى.

— روشەن، بايىقى گەپنى ئويلىشىپ دېدىڭىزما يا ئويلاشمايلىمۇ؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— نېمىشقا سورىمايمەن، بۇ ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىش تۇرسا؟

روشەن بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— روشەن، ئالدىڭىزدا قىلچىلىك ئىناۋىتىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن. لېكىن مەن دېگەن ئوغۇل بالا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئابرويۇمنىڭ چۇشۇشىنى خالىمايمەن! — روشەننىڭ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىگىنى ئۇنىڭغا ئوبدانلا ھار كەلگەن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەشكە باشلىدى، — بايا شۇنچە يىلدىن بېرى قىلغان ئەقىدەمگە يارىشا ئىككى ئېغىز لىللا گېپىڭىزنى قىلماي، مېنى قاھارغا سېلىشتۇرۇپ تۇرغىنىڭىز ئۇچۇن، تاشلاپلا كېتەي دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق. . . — روشەن ئەنسەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، مىيىقىدا پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. ياشا ئەنسەر! ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دېگەندەك، سۇكۇتۇڭ ئىچىدە مۇنچىلىك گېپىڭمۇ بار ئىكەندە؟ ياخشى، دېگەن بىلەن سەۋر قاچاڭ ئاخىر تېشىپتۇ.

— ئوغۇل بالا دەپ قويۇڭ! لېكىن بۇ كۇندىكى ئوغۇل باللارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ سىلەرنىڭ ئوغۇل باللىقىڭلار زادى

نەدىن نەگىچە؟ مۇھەببەت، مۇھەببەت دەيسىلەر، ئەمەلىيەتتە شۇ دېگەن مۇھەببىتىڭلارنىڭ قانچىلىك مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلىمەن. پەقەت ئۇ بىر چاكىنىلىق! ئېرشاتقا قارا، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەت مەۋجۇت ئەمەس. بۇگۇن ئۇنى دېسەم پەقەتلا بارغۇم يوق ئىدى. لېكىن ساباھەتنى دەپ باردىم. بىچارە ساباھەت جاھاندىن بىخەۋەر يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئېرشاتقا بولغان سەمىمىي - ساداقىتى ۋە پاك مۇھەببىتىگە بەك ئېچىنىمەن. قاھارچۇ؟ ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ قالماپتۇ. ئىسىت! بىزنىڭ كەلگۈسىمىز شۇ يىگىتلىرىمىزنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭ، روشەن! — شۇ تاپتا ئەنسەر بەربىر ئۈمىد يوق، دەپ، توقۇمنى قارنىغا ئالغانمۇ، ئىشقىلىپ، تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېرشات بىلەن قاھارلار ئەمەسقۇ؟

ئۇ تېرىككەنسېرى روشەن خۇش بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئەنسەرنىڭ شۇ تاپتىكى قىلىقلىرى ئۇنىڭغا بەك سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتا ئىدى. شۇڭا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان كۈلكىسىنى تەستە بېسىپ، ئەنسەرنىڭ چىشىغا تېخىمۇ تېگىشكە باشلىدى. شۇغىنىسى ئەنسەر ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرمىدى ھەم نېمە ئويلاۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

— توغرا، سەنمۇ بار. بىراق سەن نېمەڭ بىلەن پەخىرلىنىسەن؟ كۆڭلۈڭدىكىنى تېشىغا چىقىرالمايدىغان مۇھەببەت بىلەنما؟

— روشەن، نېمە دېسىڭىز دەڭ، لېكىن قەلبىمدىكى مۇھەببەتنى ھاقارەتلىمەڭ.

— ئەمىسە نېمە دەيمەن، ماختايمەنما؟ نېمىنى ماختايمەن؟ ئەزمە، لۆملۆملىكىڭنىما؟ — روشەن تېخى گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا، يۈزىگە تەگكەن بىر كاچاتتىن ئەندىكىپ كەتتى.

— روشەن، ئۆزىڭىزنى ئۇنچىلىكمۇ چوڭ چاغلاپ كەتمەڭ. سىز ناھايىتى باشلىقنىڭ قىزىسىز، ئالىي مەلۇماتىڭىز بار. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىڭىز بار؟ قەلبىڭىزدە ئىنسانىي قىممىتىڭىزنى بىلدۈرىدىغان مۇھەببەت ھەم نەپرىتىڭىز بارمۇ؟ بۇنداق تۇرمۇشنىڭ لېيىپ كەتكەن توختام سۇدىن نېمە پەرقى؟ مەن ئاددىي بىر شوپۇر بولساممۇ، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس، بىر ئۆمۈر پەخىرلىنىپ ئۆتكۈدەك ھېس ـ تۇيغۇلىرىم بار. خوش روشەن، ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپسىز. ساۋاقداشلىق مەسئۇلىيىتىمنىمۇ ئادا قىلدىم، ئەمدى مەندىن رەنجىگۈدەك يېرىڭىزمۇ قالمىغاندۇ؟

ئەنسەر كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدى.

ئىست ئەنسەر! شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ قىينىغۇچە، مۇشۇنداقلا قىلساڭ بولماسمىدى؟ مەن قەھرىمۇ، زەھىرىمۇ بار يىگىتلەرنى ياخشى كۆرەتتىم ئەمەسمۇ؟ لېكىن روشەن بۇلارنى دېيىشكە ھازىرچە قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەنسەرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— ئەنسەر، مېنى كەچۈرگىن! — ئەنسەر ئىختىيارسىز تۇرۇپ قالدى. روشەن تېخىچە ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تۇراتتى، — ئەنسەر، بۇرۇن سېنى چۈشەنمەي قاپتىمەن. بۇنچە غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكىڭنىمۇ بىلمەپتىمەن. كېيىن... — روشەن گېپىدىن توختاپ قالدى. ئەنسەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، — ئۆزۈڭ بەك ياۋاش كۆرۈنگەچكە... شۇڭا بۈگۈن قەستەن شۇنداق... — روشەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

— ھېچقىسى يوق! — ئەنسەر يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ، روشەننىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى. بۈگۈنكى بۇ ئىشلار بەكلا تۇيۇقسىز بولۇپ كەتكەچكىمۇ، ئەنسەرگە خۇددى چۈشتەكلا بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ روشەنگە سەزدۈرمەي ئۆزىنى

چىمداپ باقتى. ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئۆزىنى بەك قاتتىق چىمدىۋەتتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

كۆكتە ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي بىر جۈپ ياشقا بەخت تىلەۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەيتتى.

# شەيتان قىلتىقى

ھايات غەلۋىر، ھەممىمىزنى تاسقايدۇ،
بىرى كۈلۈپ، بىرى يىغلاپ قاقشايدۇ.
بەخت دېگەن كەلمەيدىكەن ئۆزىدىن.
ئەتىمالىم ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ.

## 1

بەخت دېگەن نېمە؟

«بەلكىم، بەخت دېگەن مۇشۇدۇر» دەپ ئويلىغانىدىم تۈنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىغاندا.

مېنىڭ سۆيگىنىم ئېگىز بويلۇق، ئاپئاق يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تال مېڭى بار، قاپقارا چىرايلىق بۇرۇتى ئۆزىگە يارىشىپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. بولۇپمۇ مەن ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان شوخ كۈلكىسىگە بەك ئامراق ئىدىم. بىز ھەر دائىم يىراق - يىراق جايلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەتتۇق. بىرگە بولساق گېپىمىز تۈگىمەي، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمايلا قالاتتۇق.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەممىمىز ئۆز يېرىمىزگە قايتتۇق. ئىش دەل مۇشۇ يەردىن باشلاندى. چۈنكى، ئۇ شەھەردە، مەن بولسام سەھرادا تۇراتتىم. ھەر قېتىم بوستان مەھەللىلەرنى يالغۇز ئايلىنىپ ئۆتكىنىمدە، ئۆيىمىزدىن سەل نېرىدىكى تاللىقتىن سۇ ئېلىپ قايتقىنىمدا ئۇنى ئىختىيارسىز

سىغىنىپ قالاتتىم. شۇنداق چاغلاردا ئۇ يېنىمدا بولسا، پەس ئاۋازدا مېنى ئەركىلەتكەچ مەن ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە كېچە-كۈندۈز تەشنا بولۇپ تۇرىدىغان قەلبىمنى قاندۇرسا؛ بەللىرىمدىن دائىمقىدەك يېنىك قامالاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدۈرسە؛ ئىككىمىز پۇخادىن چىققۇچە قاقاقلاپ كۈلۈپ قويۇق تاللىق ئارىسىدا مۆكۈشمەك ئوينىساق، دەپ ئويلايتتىم ۋە شۇ مەنزىرىلەرنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتىم.

خىزمەت تەقسىماتى كۈتۈپ ئۆيدە يۈرگەن كۈنلەردە ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈردۈم. لېكىن ئۇ ئىلگىرى مېنى كۈندە بىر كۆرمىسە چىدىمايدىغان ئادەم شۇ كۈنلەردە ئىككى ھەپتىدە بىر چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چەكسىز تەشنالىق ئىلكىدە كۆزلىرىم ئۇنىڭ يوللىرىغا ئىنتىزار بولۇپ كېتەتتى. ئاۋغۇستنىڭ گۈزەل كېچىلىرىنى، ئالبۇمدىكى جانلىق ھاياتنىڭ شاھىتى بولغان سۈرەتلەرنى كۆرۈش، شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئەسلەش بىلەن كۆڭلۈمنى بەزلەپ بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دەيدىغان ئوي يۈرەك-باغرىمنى پارە-پارە قىلاتتى.

— ئادىل، — دېدىم ئاخىرى بىر كۈنى، — نېمىشقا مېنى ئىككى ھەپتىدە بىر يوقلايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ مەندىن زېرىكىپ قالمىغانسىز؟ — ئاغزىمدا بۇنداق ئاددىيلا سوئال سورىغىنىم بىلەن يۈرىكىم ئازابتا لەختە-لەختە ئىدى. ۋۇجۇدۇمدىن ئۆرلىگەن ئوت تەپتىدىن لەۋلىرىم قۇرۇپ تۇراتتى. ئۆزۈممۇ ماغدۇرسىز ئىدىم. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭسىز تۇرمۇش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مەنىسىز ئىدى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسىز، دىلدار؟ — ئۇ چېكە چاچلىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويغاندىن كېيىن، ئوتتەك كۆزلىرى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ — دەڭا قېنى، بىز كۆڭۈلدىكىدەك ياشاش ئۈچۈن ئەڭ موھتاج بولىدىغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئوزۇقلۇق.

— ئوزۇقلۇقنى يوقتىن بار قىلىدىغانچۇ؟

— كۈچ.

— بۇ گەپ ئىككى بىسلىق بولۇپ قالدى. بىر مەنىسىدىن توغرا، يەنە بىر مەنىسىدىن خاتا. ئەگەر «پۇل» دېگەن بولسىڭىز، ئەڭ توغرا جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز. ھازىر بەخت ئىككى خىل ئادەملەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرى ئەمەلدار، يەنە بىرى پۇلدار. جاھاننى مۇشۇ ئىككى خىل كىشىلەر سوراۋاتىدۇ. يەنە چىرايلىقلارمۇ بار، — ئۇ يېنىك ئىسسىقىرتىپ بۇرنۇمنىڭ ئۈچىنى بوشقىنا چېكىپ قويدى، — ئەمەلدار بولۇشتىن تەمەيىم يوق، لېكىن ئوقۇغان كەسپىم سودا بولغاندىن كېيىن، بولمىغاندا ئاددىي تىجارەتچى بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. يېنىمدا يەنە بىر چىرايلىقىم بار. بىز بەختلىك ياشاشقا ھوقۇقلۇق بولغانكەنمىز، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يەنە بىر شەرتىنى ھازىرلاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن.

ئانچە چىرايلىق ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇندىمۇ چاندۇرماي:

— شۇنداقمۇ؟ كەلگۈسىدە ھۆسەن باينىڭ خانىمى بولغۇدەكمەندە؟ — دەپ قويدۇم.

— ھا... ھا... ھا... — ھەر ئىككىلىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. بۇ بەلكىم ئەزەلدىن تىجارەتچىگە ياخشى كۆزقاراشتا بولمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن

ئۇنى ئالقىنىمغا ئېلىۋالمىسام ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەكلا تۇراتتىم.

ئارىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دەل كۈز ئايلىرى ئىدى. سارغايغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى بۇرۇنقىدىن خېلىلا شالاڭلاپ قالغانىدى. بىزنىڭ كۆرۈشىدىغان جايىمىز باغلىق مەھەللىنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان بىر كىچىك تېرەكلىك. كېتىپ بېرىپ ئۇنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، پىلان تۈزۈشكە باشلىدىم. بەلكىم، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھېلىقى كىچىك ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بېرىشىمغىلا، ئۇ چوقۇم ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كېلىدۇ. ياق، بۇ قېتىم يەنىلا بۇرۇنقىدەك نازلىنىپ تۇرمايمەن. ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق قىزغىنلىقىنى بىلىپ قالسۇن! شۇ خىياللار بىلەن بىردەمدىلا يېتىپ كەلدىم. دېگىنىمدەك ئۇ مەن ئويلىغان يەردە ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— بولدى كەلمەڭ، مەن ئۆتەي، — ئېرىقنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇستۇمگە ئۇزۇن تار كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىدىم. ئېرىقتىن ئۆتكىچە قانداق بولدى، سەل مۇدۇرۇگەندەك قىلدىم ـ دە، ۋاي دەپلا، ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى ئارىسىغا چۈشۈپ قالدىم. بۇ پىلانىنى كىم تۈزدى؟ ھەر ئىككىلىمىز بىلمەيلا قالدۇق. قانچە قىلساممۇ يۈزلىرىم ئوتتەك قىزىپ كەتتى.

— شۇنچە ئۇزۇن ئايرىلىشىپمۇ، نېمىدېگەن تۈگىمىگەن خىجىللىق بۇ، قىزىرىپ كەتكىنىنى قارا، — ھەر ئىككىلىمىز ئۆز ئالدىمىزغا كۈلەتتۇق. قانداقلا بولمىسۇن ئۆزۈمنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرمىسام كەتكۈچە ئۇنى كونترول قىلىش خىيالىم بۆشۈكىدىلا بەربات بولاتتى.

— بۇگۈن ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ —

ئۇنىڭدىن سەل داجىپ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ چىقتىم. ئۇ ئاپئاق كۆڭلەك ئۈستىگە ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدى. چىرايى تېخىمۇ سۈزۈك، پارقىراق ھەم خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. قارىغان كىشىگىمۇ بىر خىل ئازادە تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

— قاراپ كەتكىنىنى، سىزگە يەتمەيدىغاندىمەن؟ — ئۇ ئېڭىكىمدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. مەن قەستەن شېتىلىلىك قىلىپ كۈلۈپ، قېچىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىز خېلىغىچە مۆكۈشمەك ئوينىدۇق. ئۇ قوغلايتتى. مەن قاچاتتىم. بىر چاغدا ئۇ، كاستۇمىنى سېلىپلا، سارغايغان چىملىق ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. مەن تېخىمۇ ئەتەيلەپ تۇتۇق بەرمەي تۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭمۇ يۈزلىرى قىزارغانىدى. مەنمۇ ئىسسىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىر پەيتىنى تېپىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. ھەر ئىككىلىمىز راسا كۈلۈشتۇق. ئۇركۇگەن بىر توپ قۇش بېشىمىز ئۈستىدە ئەگىپ يۈرەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەت تېخىمۇ لىرىك تۇس ئېلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئەڭ قىزىق مۇھەببەت قايىنىمىغا ئاستا ـ ئاستا سۆرەپ كىرىشكە باشلىدىم.

كېيىنكى كۈنلەردە شەھەردىكى بىر نەۋرە ھەدەمنىڭ يولدىشىنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر چوڭ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتىم. بۇ جەرياندا ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئادىل ئىككىمىز بەزىدە ئىككى ھەپتىدە بىر، بەزىدە ئىككى كۈندە بىر كۆرۈشۈپ يۈرەتتۇق.

شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، دەسلەپكى كۈنلەر «ھە» دېگەندىلا تىت ـ تىتلىق ئىچىدە باشلاندى. ئادىل شەھەرگە خاس مەدەنىي يۇرىدىغان سۆيۈملۈك يىگىت ئىدى. مەن بولسام ئاددىي، گۈللۈك رەختلەردىن سەھراچە پاسونلاردا تىكىلگەن كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، چېچىمنى كىچىكىمدىن ئادەتلەنگىنىم بويىچە، ئۆزۈن

ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ يۈرىيدىغان قىز ئىدىم. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، رەڭگارەڭ كىيىم مودىلىرى ۋە كېلىشتۈرۈپ قىلىنغان گىرىم بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان شەھەر قىزلىرى، ئىچلىرىمنى ئىختىيارسىز ئېچىشتۇرۇپ، مەندە كۈچلۈك ھەسەت قوزغاشقا باشلىدى. ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەپتىكەنمەن. جەمئىيەتكە چىققاندىن بېرى زامانغا ماسلىشىپ يۈرمىسەك، ھەتتا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىنمۇ چۈشۈپ قالىدىغان گەپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. توۋا دەيمەن، ھازىر ئادەمنىڭ قىممىتى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پۇلى، زىبۇ زىننەتلىرى ۋە كىيىملىرىگە قاراپ ئۆلچىنىدىكەن. جەمئىيەت ھەقىقەتەن رەزىللىشىپ كېتىپتۇ. ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى دەيدىغان نەرسە ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. گەرچە بۇنچىلىك ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكەن بولساممۇ، ھە دېگەندىلا ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە ئانچە ئالدىرىمىدىم. ئويلىغىنىم يەنىلا ئادىلغا چاكىنا كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىدى.

شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ دوختۇرخانىدىن كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى ياشلاردىن بىرنەچچىنى تاللاپ، بېيجىڭ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ھۆسن تۈزەشنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. تېببىي ئىلىم دېگەن شۇ كەسىپكە ئىشتىياق باغلىغان ئادەمدىن، ھەر قاچان ئۆگىنىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان پەن ئىكەن. راستىنى ئېيتسام، بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم.

مارت ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، بېيجىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئادىل مېنى ئۈرۈمچىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. پويىز ئىستانسىسىدىكى خوشلىشىش مەڭگۈ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— خوش! — دېگەندى. ئۇستىگە كىيىۋالغان قارا پەلتوسىنىڭ پەشلىرى بىلەن بوينىدىكى ئاپئاق شارپىسى شامالدا يېنىك يەلپۈنەتتى. زورىغا بېسىپ تۇرغان كۆز ياشلىرىم، پويىز قوزغىلىشى بىلەن تەڭ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قوللىرىمنى دېرىزە ئەينىكىگە قويۇپ، بوش شىۋىرلىدىم:

— خوش قەدىرلىكىم!

## 2

بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىمىزگە ئىككى كۈن بولدى. كېلىپلا يېزىغا چىقىپ كەتكەنىدىم. ئەتىگەنكى ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە قايتىپ كىردىم.

تاڭ قۇياشىنىڭ سېھىرلىك نۇرىغا چۆمۈلگەن كەڭ، ئازادە ھەم پاكىز شەھەر كوچىلىرىدا كېتىپ بارىمەن. ئۇستۇمدە ئۆزۈم بېيجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن كۆركەم ھەم نەپىس ئىشلەنگەن ئاق يىپەك كۆڭلەك، تېرەمنىڭ ناھايىتى ئاق ھەم سۈزۈكلۈكىگە يارىشا. يىرىك ھەم تەبىئىي قارا چاچلىرىمنى بۈگۈن بىراقلا قويۇۋەتكەنىدىم. ئالدىراش كېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ قىزىقسىنىپ قاراشلىرىدىن، ئۆزۈمنى راھەت ھەم مەغرۇر ھېس قىلاتتىم. خۇددى قۇياشنىڭ بارلىق نۇرى بىر ماڭىلا مۇجەسسەملەنگەندەك، قۇياشنىڭ جەننەتتەك باغرىدىن لەرزان ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك، ئاجايىپ رومانتىك تۇيغۇلارغا بېرىلەتتىم.

دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ، دوختۇرخانا باشلىقىمىزغا ئۇچراپ قالدىم.

— ياھ دىلدار، بېيجىڭ سىزگىلا يارىشىپتۇ جۇمۇڭ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز.

بۇنداق تەرىپلەش بىر كۈن كەچ كىرگىچە دېگۈدەك

داۋامــلاشتى. ھەتتا، دائىم ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي گىدىيىپ يۈرىدىغان رېفاتمۇ، ماڭا بوگۈن باشقىچىلا قاراپ قالغانىدى.

ئاھ گۈزەل بولۇش نېمىدېگەن زور بەخت ھە؟!

ھەش ـ پەش دېگۈچە قوياش غەربكە قىيىلىپ، كەچ كىرىشكە باشلىدى. مېنىڭ ياتىقىم دوختۇرخانا بىناسى ئىچىدە ئىدى. مەن ئىشتىن چۈشۈپ، تاماق يېگىلى سىرتقا ماڭدىم. كوچا ئىشتىن قايتقانلار ۋە ئەڭ دەسلەپكى كەچ بازارچىلار بىلەن ناھايىتى ئاۋات كــۆرۈنــەتــتى. تېخى ھېچقانچە ماڭمايلا، تۇيۇقسىز قەدەملىرىم تــوخــتــاپ قــالدى. خۇددى بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئاھ ئادىل! نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ بۇ؟

ئۇ ۋېلىسىپتىنىڭ كەينىگە ئېلىۋالغان قىز بىلەن قىزغىن پــاراڭــلــىــشــىــپ كېتىۋاتاتتى. قانداق كۈچ ـ جاسارەتتە ئۇنى توۋلىۋەتكىنىمنىمۇ تۇيمايلا قالدىم.

— ئادىل! — ئۇلار مەندىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلاپ بېرىپ توختىدى.

— ھوي دىلدار! — ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ۋېلىسىپتنى ئــەگــىــلــدۈرۈپ يــېــنــىــمــغــا كەلدى، — پاھ قالتىس بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ تونۇيالماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

— شۇڭا كۆرمەپتىكەنسىزدە؟ — ئۇ كۈلۈپ قويدى.

— قاچان كەلدىڭىز؟

— ئىككى كۈن بولدى.

ھــەر ئــىككىلىمىز جىمىپ قالدۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قــىسمىلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئالدىراش ماڭغانىكەن. مەن خوشلىشىشنى كېرەك ئىدى.

— ســىــز بــىلەن كۆرۈشۈپ قوياي دېگەن ئىدىم، خوش ئــەمــىــسە، ئۇ قىز ساقلاپ قالدى، — دېدىم ـ دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم.

— دىــلــدار! — ئۇنىڭ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ تۇرساممۇ،

كەينىمگە قاراپمۇ قويمىدىم. كۆزلىرىمدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلارنى لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىچىمگە يۇتتۇم. غۇرۇرۇم مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كەلمەكتە ئىدى. توۋا، ئادىل ئۇنىڭ بىلەن كەتتى - ھە؟ شۇنچە ئۇزۇندا، ئاران بىر كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەن بىلەن مېڭىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ مەن قانچىلىك ئىنتىزارلىقتا كەلگەنىدىم؟! ئازاب يۈرىكىمنى يېمەكتە. «ئاھ خۇدا! دۇنيادا مېنىڭدەك بەختسىز، مېنىڭدەك سەت، مېنىڭدەك خار ئادەمدىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟» دېگۈم كېلەتتى. ئۆزۈمنى خۇددى دۇنياغا پاتمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. قەدەملىرىمنى تەستە سۆرەپ ئۆزۈم دائىم كىرىدىغان ئاشخانىغا كىرىپتىمەن. ئاشخانىنىڭ قىزنقچى خوجايىنى:

— ھوي خانقىز ياخشىمۇسىز؟ نېمە بۈيرۈيسىزكىن؟ — دەپ سورىغاندىلا، ئېسىمگە كەلدىم. «نېمە يېگۈم بار؟» مەن يۈرىكىمنى يەپ تويۇپ بولغاندەك قىلاتتىم.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىم — دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

بىر دەمدىلا كەچ كىردى. قاراڭغۇلۇق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ياپراقتەك تىترەتمەكتە. چىرايلىق بېزەلگەن ياتىقىم كۆزۈمگە خۇددى غېرىبنىڭ كۆلبىسىدەك مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. چىراغ يېقىلمىغان ياتىقىمدا پەقەت مېنىڭ ئېسەدىشىملا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باغرىمغا بېسىپ ياتقان ياستۇقنىڭ چىرايلىق گۈللىرى، كۆز ياشلىرىمدا ئاللىقاچان نەملەنگەنىدى. كاللامدا: ئاھ! ئادىل ئۆزگىرىپتۇ، ئۇ ئۆزگىرىپتۇ، دېگەن خىيال ھەدەپ چۇقان كۆتۈرەتتى. ياق، ياق بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز چوڭقۇر مۇھەببەت، ئۇنى ھېچكىم تەۋرىتەلمەيدۇ، مەنمۇ ھەم ئۇنىڭغا يول قويالمايمەن، ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن. سۆيگۈ - مۇھەببەتتە سۇغىرىلغان يۈرىكىم، خىياللىرىمغا توختىماي جەڭ ئېلان قىلاتتى. مۇنازىرىلىشەتتى. خىياللىرىم: ئادىل مەندە

ئەمەس، ئۇنىڭدا تۇردى. شۇڭا سىنىڭ كەينىڭدىن ئەمەس، ئۇنىڭ كەينىدىن كەتتى، دەيتتى. يۇرىكىم دەيتتى: ئۇ بىر قىتىملىق ئادىمگەرچىلىكتۇر؛ بىر قىتىملىق سەۋەنلىك بىلەنلا ھەممىنى ئىنكار قىلىۋىتىشكە بولمايدۇ.
شۇنداق تۇگىمەس ئازاب بىلەن تاڭنىڭ قانداق ئاتقىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدىم. كۆزلىرىم قىزىرىپ، جىيەكلىرى قارىداپ قاپتۇ. يۇزلىرىممۇ بىر كىچىدىلا سولاشقان ئالمىدەك سەتلىشىپ كەتكەنىدى. مىجەزىمنىڭ يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، چۇشتە بالدۇرلا ئىشتىن چۇشۇپ كەتتىم. گىلىمدىن بىر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس. ھارغىن گەۋدەمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بىشىم ياستۇققا تىگىشى بىلەنلا يەنە يىغا ياماشقىلى تۇردى. تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ چىكىلىشى بىلەن بىر ئاز سەگەكلەشتىم. ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش بىر قىز تۇراتتى. ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتىم. ھە ئىسىمگە كەلدى، دەل شۇ. شۇ ئىككەيلەننى بىلگەندىن كىيىن، دەسلەپ قانداق قىلارىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدىم.
— ياخشىمۇسىز؟
— ياخشىمۇسىز، بىرىنى ئىزدەمتىڭىز؟
— سىز دىلدارغۇ دەيمەن.
— ھەئە.
— سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ كىلىۋىدىم، — بۇ گەپ مەن كۇتمىگەن يەردىن چىقتى.
— قىنى ياتاققا كىرىڭ، — ئۆزۈمنى قايسى بىر ھىكايىدىكى باش قەھرىماندەك ھىس قىلىشقا باشلىدىم.
— بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — ئۇنىڭغا چاي راسلىغاچ سورىدىم.
— ھەئە، — ئۇ سەل ئويلىنىۋىلىپ سۆزىنى باشلىدى، — سىز ئادىل بىلەن ئارىلىشىۋاتامتىڭىز؟

— ھەئە، ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ بۇنى، — ھەممىنى
چۈشىنىپ تۇرساممۇ، شۇنداق دەپ سورىدىم. نېمە گەپنىڭ
چىقىدىغانلىقىمۇ ماڭا ئايان ئىدى.
— راستىنى ئېيتاي دىلدار. بىز بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىر
چايدا تونۇشۇپ قالغان. ئۇ مەستلىكتە تەلەپ قويدىمۇ، بۇنى
بىلمەيمەن. ئۆزۈم ياقتۇرۇپ قالغىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ماقۇل
بولغانىدىم... تونۇگۈن يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇ چاغدىلا،
مەن ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ قالدىم. شۇڭا بۈگۈن سىزنى
ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى... بۇ كۈندە ھەممە ئادەم ئۆز مۇھەببىتى
ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ.
قىز ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەي
سەپسېلىشقا باشلىدىم. دۈپدۈگىلەك چىرايلىق كۆزلىرى، بادام
قاپىقى، تۈجۈپىلەپ ياسالغان قاشلىرى، ئىلپىتەك تۈز بۇرنى،
ئاجايىپ بىر خىل ئوماقلىق مۇجەسسەملەنگەن لەۋلىرى قارىغان
كىشىنىڭ ئىختىيارسىز زوقىنى قوزغايتتى. قاپقارا بۈدۈر
چاچلىرى يەلكىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.
ئۈستىدىكى ناۋات رەڭ كۆڭلىكى ئۇنى تېخىمۇ يېقىملىق ھەم
سىپايە كۆرسىتەتتى. ئۆزۈمنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا
كەلتۈردۈم. تۈنۈگۈنكى پەيزىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
ئەسلىدىنمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتىم. تۇرۇپلا ئىچ - ئىچىمدىن بىر
خىل ھەسەت ئۆرلەشكە باشلىدى. ئەزەلدىنلا ئېغىر تەبىئەتلىك
بولغانلىقىمدىنمۇ يەنىلا غەيرەت قىلىۋاتاتتىم. بولسا ۋارقىراپ -
جارقىراپ ياتاقنى بېشىمغا كىيگۈم، ئۇنىڭ چىرايلىق چاچلىرىغا
ئېسىلغۇم كېلەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلىش ھەددىممۇ؟
دېمىسىمۇ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالغىنىم
تۈزۈك ئىدى.
— راست دەيسىز، بۇ كۈندە ئادەم كۆپىيىپ كەتكەچكىمۇ،
بەخت ھەممىگە تەڭ يۈگۈرۈپ يېتىشەلمەيۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ھەر

كىم ئۆزى كۆرەش قىلمىسا، بەخت كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ تاڭ، — سۆزلىرىمدىن مۇڭ، ھەسرەت يەنە ئاچچىقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

— ئارىلىشىۋاتقىنىڭلارغا ئۇزۇن بولغانمۇ؟

— بەش يىلدىن ئاشقان.

ئۇ خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

— دىلدار مەن قايتاي، ئالدىڭىزدا مەن بەك خىجىل، بۇگۈن بېرىپلا. . .

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، مەن ئۇزۇندىن بېرى سىزدەك بىر رىقابەتچىگە موھتاج بولۇپ تۇراتتىم. بىز بۇ يېشىمىزدا پەقەت مۇھەببەتنىلا ئەمەس، ئۆمۈرلۈك ئىشىمىزنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ قېتىم، بىز ئۇنى تازا ئوبدان بىر سىناپ باقايلى.

— مەن تارتىۋالسام مەيلىمۇ؟

— مەيلى.

— سىز. . . مېنى خىجىل قىلماڭ.

— نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ ھەممە ئادەم ئۆز بەختى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ھەقلىق. «باشقىلار نېمە دەر؟» دېگەن ئادەم ھامان ئۇتتۇرىدۇ. سىز بەختسىز بولۇپ قالىسىز. ھېچكىم سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىزنى تەڭ تارتىشىپ بەرمەيدۇ. بەخت ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ.

— دىلدار، سىز بەك ياخشىكەنسىز، ئادىل سىزگە بىر ئۆمۈر باش ئۇرسىمۇ ئارتۇق كەتمىگۇدەك.

— ئۇنچىلىك ئەمەس، — مەن ئاچچىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

— بىز دوست بولايلى، بولامدۇ؟ — ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، — ئىسمىم سۇبھى.

بۇ يەردە مەن بىر مەرد ئادەمنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتىم. ئەلۋەتتە، چاندۇرۇپ قويسام بولمايتتى. ئامالسىز قولۇمنى

ئۈزاتتىم.

بىز شۇنداق خەيرلەشتۇق. بۇ قىلغىنىمنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. پەقەت، جېدەل بىلەن مايىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كىتابلاردىنلا كۆرگەنىدىم. «سەۋرىدىن ھالۋا پۈتەر» مىشقۇ، قېنى كۆرۈپ باقمامدىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە، ئادىل مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. قانداق قىلسام بولار؟ ئەمدى بىلىندۈرمەسلىككە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ گەپنى مەن دېمىگەن بىلەن ھامان سۇبھى دەيتتى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا قىممىتىم قالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئاخىرى، دوختۇرخانا ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم.

— ئەجەب مېنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟

— قىزىق گەپ بولدى بۇ، خۇددى بۇرۇن ئىزدىمىگەندەك.

— ئەمىسە دىققەت قىلىڭ. ئىككى قولۋاققا تەڭ دەسسەپ سۇغا غەرق بولۇپ كەتمەڭ يەنە.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرگەندەك بۇ گېپىمگە ئادىل سەل ئۆڭدى بولغاي، بۇ سۆزنى دېگەن چاغدىكى تەلەپپۇزى قاتتىقراق چىقتى.

— بۇنى مەندىن سورىماي، سۇبھىدىن سوراڭ.

— سىز؟ . . . دىلدار، ماڭا تولا تۆھمەت قىلماڭ.

— ھىم، — دەپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدۇم، — مەندىن رەنجىگەن بولسىڭىز، سۇبھىنى ئىزدەڭ، ئۇ سىزگە ھەرگىز تۆھمەت قىلمايدۇ.

— دىلدار! — ئۇ كۆزلىرىمگە مىختەك قادالغانىدى. مەنمۇ خېلىغىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇردۇم. لېكىن، ئۇ خىجىل بولمىغان بىلەن، ئەيىبلىك ئادەم خۇددى مەندەك يۈزلىرىم چىمىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆپكەم ئۆرلەپ، كۆز ياشلىرىم دەۋرەپ كەلمەكتە ئىدى.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن دېگەن شۇ دە.

— ئادىل، ئۇ مەندىن چىرايلىق، ھەممە جەھەتتىن سىزگە ماس كېلىدىكەن، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈڭ. ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ! — دېدىم - دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا، ياتىقىم تەرەپكە قاراپ كەتتىم. بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالغانىدىم. تاكى، ئۇنىڭ ئالدىدىن قارام يىتتى، دەپ ئويلىغىچە قەدەملىرىمنى مەغرۇر ئېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەينىمگە قاراپمۇ قويماي ماڭدىم.

بۇ قېتىم مەن راستىنلا خاتا قىلغانىدىم. ئەسلىي چىرايلىق پاراڭلاشقان بولسام، چوقۇم مەن ئۇتاتتىم. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ شۇنچىلىك نازۇكلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، پېشىمنى قېقىپلا كېتىپ قالدىم. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال بولمىدى. ئۆزۈمنى قانچە تۇتۇۋالاي دەپمۇ تۇتۇۋالالمىدىم. مەنمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم تۇرسام. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنى كۆزىگە ئىلمايۋاتقاندەك، غۇرۇرۇمنى پەسەنتىگە ئالماي، قەستەن دەپسەندە قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە مېنى بەكرەك دەي - دەيگە سالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشى ناتايىن. ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ، دېگەن شۇ دە.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنىڭ بىلەنلا «بولدى» قىلىمەنمۇ؟ بەش يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس. بىز بۇ بەش يىلدىن بېرى بىر - بىرىمىزنى خېلى چوڭقۇر چۈشىنىپ قالغاندۇق. ئەمدى يەنە بىرىنى سىناپ، چۈشەنگۈچە چاچقا ئاق كىرمەمدۇ؟ بىراق، ئادىل ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتسا، ۋاييەي، ماڭا ئادەم كەممىتى؟ ئاشۇنىڭ زىتىغا تازا. . .

خىياللىرىم گاھ چىگىشلىشىپ، گاھ يېشىلەتتى. شۇ تەرىزدە نەچچە كېچە كىرپىك قاقماي، تاڭلار ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى.

بۈگۈن شەنبە، كەچتە مەن دىجۇرنى ئىدىم. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆينىڭ تامىقىنىمۇ سىغىنىپ قاپتىمەن. ھېلىقى نەۋرە

ھەدەمنى ئۇزۇن بولغان كۆرمىگەنىدىم. بۈگۈن، ئۇلارنى يوقلاپ قويغاچ، ئۆيىگە تاماق يېگىلى باردىم.

نەۋرە ھەدەم 30 لاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، خۇددى 20 ياشلىق قىزلاردەك شوخ ھەم چىرايلىق ئىدى. ئىككىمىز بىرگە بولساق، گېپىمىز پەقەت تۈگىمەيتتى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېلىپ، لەڭمەن سوزغاچ ئىككىمىز يەنە پاراڭغا چۈشتۇق.

— شۇنداق قىلىپ، ئادىل بىلەن يامان بولۇپ قالدىم، دېگىن. بۇ قىلغىنىڭ بولماپتۇ. مەنمۇچۇ سېنىڭدەك ۋاقتىمدا، ئاكاڭنى نەچچىسىدىن تارتىۋېلىپ تۇرۇپ توي قىلغانىدىم. ئەر كىشى دېگەنگىچۇ، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى تەڭ ئىشلەتمىسەڭ، چاتاق چىقىدىغان گەپ قارا. ئاچچىق بولۇپ كەتسەڭ سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيۋاتقان. تاتلىق بولۇپ كەتسەڭ ياراشمايۋاتقان، يىغىپ كەلگەندە داۋخوراق خەق بۇ. . . نېمىسىنى دەي ئۆكام. ئۆي تۇتقاندا بىلىسەن تېخى. تۇرمۇش دېگەنگىمچۇ سەنئەت كېرەككەن، سەنئەت! — ئۇ سوزۇلغان لەڭمەنلەرنى قازانغا سېلىپ ئىلەشتۇرگەچ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ساڭا بىر ئەقىل ئۆگىتىپ قوياي، ھەدەڭنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىش دېگىنە. چاتاق چىقمايدۇ، — دەپ بۇرۇن بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئىككىمىز كۈلۈپ، ئۆينى بېشىمىزغا كىيدۇق. ھەدەمنىڭ سىپايە يولدىشى كۈلكىمىزنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

— پاھ، پاھ ئىككىڭلار قالتىس خۇشالغۇ؟ مەنمۇ ئاڭلايچۇ شۇ قىزىق گېپىڭلارنى.

— ۋاي بولدى. سىز بۇرۇن ئاڭلاپ پاقىڭىز قانغۇچە كۈلۈۋالغان، ئەمدى ئاڭلىسىڭىز مەززىسى بولمايدۇ.

ھەدەم ئىككىمىز تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ھەدەمنىڭ يولدىشى بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە ھەيران بولغاندەك

مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ھەدەم ئىككىمىز پىلاننى تازا ئوبدان تۈزۈۋالدۇق.

ھەش - پەش دېگۈچە بىز پىلانلىغان شەرتمۇ يېتىپ كەلدى. ئادىللارنىڭ ئۆيى، نەۋرە ھەدەملەر ئولتۇرغان بىنانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى بىر كوچىدا ئىدى. بۇ كوچىدىن ئۆتكەن ئادەملەرنى بالكوندا تۇرۇپ، ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

بۈگۈن شەنبە بولغان ئىكەن، ئادىل چوقۇم ئۆيدە ئولتۇرمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. دېگىنىمدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، ئۇ كوچىدا پەيدا بولدى. ھەدەم بىلەن خوشلاشتىم - دە، بىنادىن ئۇچقاندەك چۈشتۈم. ھەدەمنىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كېتىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىدۇق. بىردەمدىلا ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشتىم. قارىغاندا ئۇ بىر ئۇچرىشىشقا ماڭغان بولسا كېرەك. سائىتىگە قاراپ قويۇپ، قەدەملىرىنى ئالدىرىماي ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتاي دەپ توختاپ قالدىم. قولۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا، جۈرئەتتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالايلا دېگەنىدىم. يەنە كېلىپ مەن ئۇنىڭغا ئېگىلەرمەنمۇ؟

بىز قىزلار ئاجايىپ بولىدىكەنمىز. ئۆزىمىزگە مۇكەممەل بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز. ياشلار تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن دۇنيادا مۇكەممەل ئادەمنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى زاۋۇتتىن ئارزۇيۇڭغا قاراپ، تاللاپ ئالىدىغان تاۋار ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئۇ مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتكەندە، بۇ دۇنيادا ياشىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، بىز قىزلار سۆيگۈ - مۇھەببەت ئالدىدا ھەقىقىي قارىغۇ. بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇقمۇ بولدى، ھەممىنى ئۇنتۇيمىز، كېچە - كۈندۈز ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە شۇ قەدەر تەشنا بولىمىز. كۆزىدىن،

تۆرقىدىن ھەتتا ئۇنىڭ ماڭغان ئىزلىرىدىنمۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت، مەنا ئىزدەيمىز. مانا شۇلا، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھەقىقىي مۇكەممەل ئىنسان دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ، ھەتتا، ئۇ قەلبىمىزدىكى بىردىنبىر ئىلاھقا ئايلىنىدۇ، كاللىمىز خۇددى سىنئالغۇ ئاپپاراتىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئەڭ ئاددىي سۆز - ئىبارىلىرىگە قەدەر، بىرمۇبىر خاتىرىلىۋالىدۇ.

بىز ئەنە شۇنداق خىيالىي تۇيغۇ قاينىمىدا ئۈزۈپ يۈرگەندە تاسادىپىي بىز كۈتمىگەن بىرەر ئىش يۈز بېرىپ، قىلدىن قىيىق كەتكۈدەكلا بولسا، كۆتۈرەلمەي ئۈمىدسىزلىنىپ، ھالىمىزدىن كېتىپلا قالىمىز. بەزىدە ئويلىساڭ تېخىمۇ قىزىق، بىز قارشى تەرەپنى، غايىۋى سۆيگۈ قۇدرىتى بىلەنلا، خۇددى ئاخىرقى پادىشاھ فۇيىنى يۇلەپ تەختكە چىقارغاندەك، يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىپ، تەلەپنىمۇ شۇنچە چوڭ قويۇۋالىدىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمىزنى شۇ تەلەپنىڭ يېرىمىغىمۇ سىلىپ باقمايدىكەنمىز. ئېيتماققا ئۇلار «ئوغۇل بالا» بولغان بىلەن، يەنىلا بىزگە ئوخشاش ئىنسانغۇ؟ ئىنسان بولغانىكەن كەمچىلىكتىن خالىي بولغىلى بولارمىدى؟ خالىي بولغان بولسىدى، ھېچكىم: «بىز ئۇچۇن ئەۋلىياغا چوقۇنۇشنىڭ ھاجىتى بار» — دېيەلمىگەن بولاتتى. بەلكى، ئۇ چاغدا مەۋجۇدىيەتنىڭمۇ ھاجىتى قالماس.

ئادىل ئون نەچچە قەدەم ئالدىمدا كېتىپ بارىدۇ. ۋېلىسىپىتنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگە خىيالغا كېتىپتىمەن. بىرەيلەنگە سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالغاندىلا، چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

ياق، مەن ئۇنى سۆيىمەن، يەنىلا شۇ ئادىلنى سۆيىمەن!

قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، ئادىلغا يېتىشتىم - دە، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتىم. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، تۇرۇپلا قالدى.

— ھەي ئادىل، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتمىسام، قاراپمۇ

قويامسىز نېمە؟ — مەن ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىغا قاراپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدىم، — ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز؟

— نېمە قاراپ تۇرسىز؟ ھەدەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدىم، بەك كەچ قالدىم. مېنى ئاپىرىپ قويامسىز ـ قانداق؟

— چاتاق يوق، ئاپىرىپ قوياي، — ئۇ ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، ۋېلسىپىتكە قول ئۇزاتتى.

يولدا كېتىپ بارىمىز. ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپ چىقىدىغاندەك ئەمەس.

— ئەسلى قارىماي ئۆتۈپ كېتەي دېگەنىدىم. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا يول قالايمىقان دەپ ئەنسىرىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ خۇددى تەنە قىلغاندەك سوراپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم ۋە دائىمقىدەك بىلىدىن تۇتتۇم ـ دە، دۈمبىسىگە يۆلەندىم. ئۇنىڭ ئاسانلا غىدىقى كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ «ۋاي» دەپلا كۈلۈۋەتتى. . . دوختۇرخانا ئالدىغا كېلىپ ۋېلسىپىتتىن چۈشتۇق، بېشىمىز ئۈستىدىكى كوچا چىرىغى بىز ئۈچۈنلا يېقىپ قويۇلغاندەك ئىنتايىن يورۇق ئىدى. ئەتراپىمىزدا مىغىلداپ يۈرگەن كەچ بازارچىلار كۆزىمىزگىمۇ كۆرۈنمەيتتى. خۇددى ئىككىمىز قاتۇرۇپ قويغاندەك، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قېلىشقانىدۇق.

— دىلدار، مېنى كەچۈرەمسىز؟

مەن كۈلۈپ قويدۇم. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە نۇرغۇن مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم.

— بەش يىللىق مېھرى ـ مۇھەببەتنى شۇنچە ئاسان چاغلامسىز؟

ئۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ قويدى.

— ئەمىسە ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟

— چاتاق يوق، ئاۋۋال ۋېلسىپىتنى ياتاققا ئەكىرىۋېتەيلى.

كەچتە ياتاققا ئىنتايىن خۇشال قايتىپ كەلدىم. مەن دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قىلغانىدىم. ئۇ ۋەدىلەشكەن ئۇچرىشىشقا ئەمەس، مەن بىلەن كەتتى ـ دە. ۋەدىلەشكىنىنى ئۆزى دېمىسىمۇ، مەن بىلەتتىم. ئۇنىڭ قانداق سورۇنغا قانداق باردىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان، لېكىن ئۇلارنى تەگەپ، يەنە كۆڭۈلسىز بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇمۇ ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇ:

— ئەمدى توي قىلىشۋالساق بولغۇدەك. سىز قانداق قارايسىز، — دەپ سوراپ قالدى.

— مەنمۇ ۋاقتى يەتكەندەك ھېس قىلىشۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم. ياتاققا يېنىپ كىرىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم. نەۋرە ھەدەم راست دەپتىكەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەك بەندە، ھېسسىياتچان كېلىدۇ. مانا بۇ پىسخولوگىيىنى ئوبدان ئۆگەنگەنىنىڭ پايدىسى...

شۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئويلاپ يېتىپ بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. پۈتۈن بىر كېچە ئاپئاق توي كۆڭلىكىنى كىيىپ چۈشەپ چىقتىم.

## 3

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يار يۈرگەن كوچىلارغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

ئۈنئالغۇدىن مۇڭلۇق خەلق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.

نېمىشقىدۇر، بۇ مىسرالارنى ئىچىمدە تەكرارلاپ قالدىم.

ئۇنىڭ ئۆيگە كەلمىگىنىگە بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ھازىر بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ قالغاچقىمۇ، بۇرۇنقىدەك ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. داستىكى كىرنى مىجىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم.

ھەي، تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. ئادەم ياش ۋاقتىدا «توي» دېگەن بۇ سۆزنى ئاجايىپ مۇقەددەس بىلىدۇ. ئالدىرىشىدۇ. خۇددى توي قىلمىسا، ئۇ بىر يەرگە قېچىپ كېتىدىغاندەك. «توي» دېگەن بۇ سۆز گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئاجايىپ رومانتىك تۇيغۇ، شېرىن ئارزۇ - ئارمان ۋە خۇشاللىقلارنى كەلتۈرسىمۇ، ماھىيەتتىدىن ئويلىغاندا، بۇ سەن جاھانغا، ئۆي تۇتقانغا توي دېگەن گەپكەن. قىزىق يېرى ئادەم ئۆزى ھەۋەس قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن تۇرمۇش دېگەن بۇ قەپەسنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ چۈشىدىكەن.

مانا ھەش- پەش دېگۈچە توي قىلغىنىمىزغا بەش يىل بوپتۇ. ئوغلىمىز كامىل بۇ يىل ئۈچ ياشقا كىردى. تويىنىڭ قىزىقى، شۇ ئاپئاق توي كۆڭلىكىنى كىيگۈچىلا بولغان ئارىلىقتا ئىكەن. مانا شۇنىڭدىن بېرى تۈگىمەس ئۆي ئىشىنىڭ قايىنىمىدا پىرقىراپلا يۈرىمەن. ئاڭلىسام ئاياللار ئىنتايىن ھېسسىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھىنى كۆپ ئۆتكۈزەرمىش، شۇڭا، خۇدا ئاياللارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى جاپاكەش قىلىپ ياراتقانىمىش. «ھەي - ي!!!» ئىختىيارسىز كۇلۇپ تاشلىدىم. ياشلىقتىكى ئەسلىمىلەردىن ئەرلەرمۇ خالىي ئەمەس ئىدىغۇ؟

ئۇنىئالغۇدىكى ناخشا ساداسى ئۆز ئالدىغا ياڭراۋاتاتتى. كامىلمۇ ئۆز ئويۇنى بىلەن ئاۋارە، كاللامدىكى خىياللار دەخلىسىز

داۋام قىلماقتا ئىدى.

دادام كىچىك چېغىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، ئاپام ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. ئاپام مېنى دەپ قايتا توي قىلمىغانىكەن. جاپاكەش ئاپام ئۆزى ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغاچقىمۇ، مېنى ئانا مېھرىگە قانسۇن دەپ، بارلىقىنى مەن ئۈچۈن قۇربان قىلغانىدى. ئىلگىرى بۇلارنى چۈشەنمىگەن بولسامىمۇ، ئانا بولغاندىن بىرى، سەھرادا يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئاپامنى ئويلىسامىلا، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلىدۇ. شۇ چاغلاردىلا ئۇيقۇغا، ھاياتلىقنىڭ راھىتىگە قانغانىكەنمەن. بەش يىلدىن بېرى ئۆزۈمنى تۈزۈكرەك راھەتلىنىپ باققاندەك ھېس قىلمايمەن. بولۇپمۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىش تېخىمۇ كۆپەيدى. سەھەردە قوپۇپ ئۆي يىغىشتۇرغان، ئىشقا بارغان. چۈشتە كېلىپ چاي قايناتقان، كەچتە كېلىپ تاماق ئەتكەن. بالىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيغان. ھەتتا شۇ بىچارە يالغۇز ئاپامنىمۇ ئايلاپ - ئايلاپ يوقلىيالمايمەن. ھازىر خەقنىڭ ھەممىسى ماشىنا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۆزىمىز بۇرۇنقىدىن كۆپ بېيىپ كەتتۇق، نېمە دېسەم تەل، تېخى بىر ئىمپورت قىلىنغان كىچىك ماشىنىمىز بار. قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشى يوق شۇنداق كېلىشكەن ئېرىممۇ بار. قىز ۋاقتىمدا كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىغىنىممۇ مۇشۇنداق تۇرمۇش ئىدى. بىراق... نېمىسىنى دەي؟ دېسەڭ گەپ بولىدۇ، دېمىسەڭ دەرد. يىغىپ كەلگەندە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، تويدىن كېيىنكى بىر ئايدىلا ئىكەن. ھەممىسى «سېنى ۋاي» دەيدۇ. ئۆزۈڭ خان، ئۆزۈڭ بەگ، ئۇنىڭدىن كېيىن... تۇيۇقسىز ئالدىمدىن «ۋاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، ئوغلۇم كەينىگە داجىپ كېلىپ، مەن كىر يۇيۇۋاتقان داسقا چۈشۈپ كەتتى.

— ۋايجان! — ئۆزۈممۇ قورققىنىمدىن توۋلىۋەتتىم.

بۇ يىل بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ كەتكەنىدى. تېخى پار

بېرىدىغان ۋاقىت بولمىغاچقا، بالىنى مۇزلاپ قالمىسۇن، دەپ ئۆيگە مەش قويۇۋالغانىدىم. شۇنىڭغا قارىماي، نەچچە كۈندىن بېرى بالىنىڭ مىجەزى يوق، ئوكۇل سالدۇرۇۋاتاتتىم. بايا ئۇ ئوكۇل بوتۇلكىلىرىنى ئويناۋاتقاندەك قىلغان. مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. بالا بىر تال ئوكۇل بوتۇلكىسىنى ئوتقا تاشلاپ، قاراپ تۇرغان چېغى، بوتۇلكا ئېتىلغاندا قورقۇپ كېتىپ داسقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بالا قاتتىق ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. كونا قائىدە بويىچە يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئالداپ يۈرۈپ يىغىدىن ئاران توختاتتىم. بالىنى يۆيۈپ كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋاتسام، ئادىل ئىشتىن كىرىپ كەلدى. كامىل دادىسىنى كۆرۈپلا، قۇچىقىمدىن سىيرىلىپ چىققىنىدە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— دادا!

— هوي، مېنىڭ بالامنى قارا، — ئادىل بالىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرنەچچە پىرقىراتقاندىن كېيىن، يەرگە قويغاچ، — مېنىڭ بالام يىغلاپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئۇ بىر تەرەپتىن كۈلگەچ، بالىنى غىدىقلاپ، — قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، — دەپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

ئىككىسىنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى بىلەن ئۆي باشقىدىنلا ئاۋاتلاشتى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئادەتتە ئادىل تىجارەت بىلەن كۆپ چاغلاردا سىرتتا يۈرەتتى. ئۆيگە كەلسە بالا بىلەنلا بولۇپ كېتەتتى - دە، ئۇ ئۇخلىغىچە، ئۆز ئارا پاراڭلاشقۇدەكمۇ پۇرسەت چىقىرالمايتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېرىپ تۇرغاندا بىزگىمۇ گەپ خۇشياقمايتتى - دە، يېتىپلا ئۇخلاپ قالاتتۇق. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنى بارغانسېرى بىزدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلاتتىم. بۇ بىر ئائىلە ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. لېكىن پاراڭلىشاي دەپ قانچە

ئۇرۇنسامىمۇ، ئورتاق بىر تېما تاپالماي قۇرۇق ئاۋارە بولاتتىم. ئىشقىلىپ مەن مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ بىزنى ئۇنتۇپ قالماي، ھەپتىدە بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ، ئۆيدە بولغىنىغا خۇش ئىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دوختۇرلۇق ئاجايىپ جاپالىق خىزمەت. بەزى چاغلاردا بىكارلا بولۇپ قالىسەن. بەزى چاغلاردا كەينى ـ كەينىدىن نەچچە ئوپېراتسىيىگە كىرىپ «ئۇھ» دېگۈدەكمۇ ھالىڭ قالمايدۇ، يامان بولۇۋاتقىنى مۇشۇ بالىنىڭ ئىشى بولدى. بىر بالا باققۇچى قىز بار ئىدى. بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ، كېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى بىر قىز تاپالماي يۈرىمەن. كۈندۈزىغۇ يەسلىگە ئاپىرىپ قويىمەن. بىراق ئاخشاملىرى بىرەر جىددىي ئوپېراتسىيە بولۇپ قالسا، يا ئادىل يوق. بالا يالغۇز قالىدىغان گەپكەن. قايسىبىر كۈنى، بىر ئوپېراتسىيىگە كىرىپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىراق چىقىپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى بالىنى ئوقۇتقۇچىسى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، كېچىدە بېرىپ ياندۇرۇپ كەلدىم. بۇلارنى ئادىلغا دېگەن بىلەن پايدىسىمۇ يوق. «ئەر كىشى تالانىڭ ئادىمى» دەپ ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكەن. «ئۆي، بالام» دەپ كۆيىدىغىنى يەنىلا شۇ ئانا ئىكەن. شۇنىڭغا يارىشا، ئۇ ئېرىڭ بولغان ئادەم يا سېنى قەدىرلىمىگەن، يا كەسپىدە تۇزۇكرەك نەتىجە قازىنالمىغان. بىر نېمە دېسەڭ «ھەممە نېمەڭ تەل، كىم سېنى ئىشلىسۇن دەپتۇ» دەيدۇ. لېكىن، بۇ ئۆزۈم ئەڭ سۆيىدىغان ھەم پەخىرلىنىدىغان كەسىپ تۇرسا، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولۇمغا ئالدىممۇ، بولدى ھەممىنى ئۇنتۇيمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، ھاياتلىقتا نېمە رولۇم قالسۇن؟ ياشايمەن دېيىشكىمۇ ھەققىم قالماس...

خىياللىرىم شۇ يەرگە كەلگەندە، تام سائىتى بەشكە داڭ ئۇردى. «ئاپلا تاماق ئېتىدىغان ۋاقىت بوپتۇ» دەپ ئويلىدىم ـ دە، قولۇمنى چايقاپ تاماققا تۇتۇندۇم.

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئادىل ئاران كەلگەندە ئۇنى

ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى ـ دە، بىر قولۇم خېمىر، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش بىر ئايال تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز؟

— ئادىل ئۆيدىمۇ؟

— ھەئە ئۆيدە، ئادىل! — مەن ئۇنى توۋلاپ قويغاچ ئايالنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئادىل ئىشىكتىن چىققۇچە، ئايالمۇ ئۆيگە كىرىپ بولدى.

— ھـوي سـىـزمىدىڭىز ھە ياخشىمۇسىز؟ قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ.

— رەھمەت، مەن ئالدىرايتتىم.

— گەپ بولسا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

قارىماققا ئايال 40 لارغا بېرىپ قالغاندەك قىلاتتى. سەمرىپ تېرىسىگە تىقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ چىرايىدىن كەتمىگەنىكەن. ياقىسىنىڭ ئويمىسى چوڭ ئېلىنغان كۆڭلىكى يېشىغا تازا ماس كـەلـمـىـگەندەك كۆرۈنەتتى. بىر قاراشتا ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغىنى بويىندىكى ئۈچ قۇر ئالتۇن زەنجىرى ئىدى.

مەن چاي راسلاۋاتقاندا، ئادىل ئايالنى ماڭا تونۇشتۇردى.

— بۇ شېرىكىمنىڭ ھەدىسى بولىدۇ، ئىسمى قەمەر، — پاھ ئادىل ئاجايىپ كېلىشكەن ئاياللار بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن ھە؟ مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئۆي ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، ئۆتەر يولۇمغا ئورنىتىپ قويغان تىكلىمە ئەينەككە سەپسالدىم. ئەينەكتە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ جۇدەڭگۈ ئايال مەن ئىدىم. ئۆزۈم ئاق بـولـغـىـنىم ئۈچۈنمۇ نەچچە يىللىق ئائىلە جاپاسى يۈزلىرىمدە قـالدۇرۇپ كەتكەن قارا داغ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. توي قىلغاندىن كېيىن، گىرىم قىلىشنىمۇ تاشلىغانىدىم. تاشلىدىم دېگەندىن كۆرە يېتىشەلمىدىم دېگىنىم تۈزۈك. كۆڭلۈمدە «ئادىلغا قـارىساملا بولدى» دەپ ئويلايتتىم. قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىم

تۆلەۋاتقان بەدەللىرىمنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى - مۇھەببەتنىڭ قۇربانى ئىدى. ئۇنىڭ رازىمەنلىك بىلەن بىر قېتىم كۈلۈپ قويۇشىلا بارلىق ھاردۇقۇمنى چىقىراتتى. بىراق، بايىقى ئايالغىلا قارىغاندا، مەن بەكلا بىپەرۋالىق قىلغاندەك تۇراتتىم. ئۇنىڭغا ھەم ھەسەت ھەم ھەۋەس قىلىپ قالدىم. بىر خىل ئاچچىق قىزغىنىش ئىچلىرىمنى ئېچىشتۇرۇپ كەتتى. ئۇلار بولسا ئاللىقاچان بىر سودا ئۇستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— شۇ مالنى يېڭىراقتا ئېلىپ كەتتىكەن. ئىنىم ئۇ يەردە، مەن ئالدىراپلا سىزنى چاقىرغىلى كېلىۋىدىم.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، ھازىرلا ماڭايلى! — ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپلا كاستۇمىنى قولىغا ئالدى ۋە، — ھەي دىلدار. مەن يەنە كېچىكىدىغان بولۇپ قالدىم، ماڭا قارىماي تامىقىڭلارنى يەۋېرىڭلار، — دېگىنىچە قەمەر بىلەن بىللە سىرتقا ماڭدى.

— ۋىيەي، تاماق تەييار بولايلا دېگەن، بىر تەخسىدىن يەپ ماڭغان بولساڭلارچۇ، — بۇ گەپنى قىلغان چاغدىكى تەلەپپۇزۇم سەل قاتتىقراق چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئېرىم بولغان ئادەمنى باشقا بىر ئايال باشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقاچقىمۇ، غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

— رەھمەت! — قەمەر ئۆرۈلۈپ كۈلۈپ قويدى. كۆزلىرىمگە ئۇ خۇددى تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. دادىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتقىنىمچە بوسۇغىدا تۇرۇپلا قالدىم.

بۇ كېچىمۇ ئادىل قايتىپ كەلمىدى. ئەتكەن تامىقىممۇ شۇ پېتىلا قالدى.

ئەتىسى سەھەردە سۇتچى ئايالنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. يۈگۈرۈپ چىقىپ سۈتنى ئېلىپ كىرسەم ئوغلۇم ئورنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋېتىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ ئاپئاق بالام؟ — ئاشخانا ئۆيدە گاز ئوچاقتا

ئوت ياققاچ، ئوغلۇمدىن سورىدىم.

— دادامۇ كەتسە، سىزمۇ كەتسىڭىز مەن يالغۇز قالامدىمەن؟ — بالىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكىم ئېرىپ كەتتى.

— كەتمىدىم بالام، سۈت ئەكىردىم.

— سۈت؟ ماڭا بېرەمسىز؟ — ئۇ يالىڭاچ پېتىلا ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى.

— ما بالىنىڭ چىقىۋالغىنىنى قارا، ماڭە سوغۇق ئۆتىدۇ، — دېدىم - دە، ئۇنى كۆتۈرۈپلا ياتاق ئۆيگە ئېلىپ كىردىم ۋە ئالدىراش كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇ تېخىچىلا سۈتنىڭ جېدىلىنى قىلىۋاتاتتى.

— سۈت خام بالام، پىشقاندا بېرەي.

— يا، يا، يا...

— خام سۈت ئىچسىچۇ ئادەمنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ. مېنىڭ ئاپئاق بالام گەپ ئاڭلايدۇ - ھە؟ — دەپ ئۇنى بەزلىگىلى تۇردۇم.

— ئەمىسە سىزنىڭ سۈتىڭىز پىششىقما؟ — ھەيرانلىقتا بالىغا قاراپلا قالدىم. خۇدايا توۋا، ما بالىنىڭ گېپىنى. بىر ئالىم: «بالىلار تەربىيىسىنى تۇغۇلغان كۈندىلا باشلاش كېرەك» دېگەنىكەن، ئەمدى ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بەرمىسەم بولمايتتى.

— ئادەم دېگەن ھەممە نەرسىنى پىشۇرۇپ يەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاپىنىڭ سۈتى قورساق ئاغرىتمايدۇ. كالا دېگەن سوغۇق سۇ ئىچىدۇ، چۆپ يەيدۇ. سۈتىنى پىشۇرۇپ ئىچمىسە قورساقنى ئاغرىتىدۇ ئەمەسمۇ؟

بالا بايىقى خەقىشلىكىدىن توختىغانىدى. بىر تەرەپتىن ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغقاچ، بالىنى ئالدىغىلى تۇردۇم.

— مېنىڭ بالام شۇنداق ئەقىللىق، پەقەت جېدەل قىلمايدۇ - ھە؟ مەن بالامغا شاكىلات، يەنە نېمىتى؟

— يەنە سېغىنز.

— ھە يەنە سېغىنز ئېلىپ بېرىمەن ـ ھە؟!

ئۇنى شۇنداق ئالداپ يۇرۇپ تامىقىنى بېرىپ، يەسلىگە ئېلىپ ماڭدىم. يەسلىگە يېقىنلا يەردە بىر خەنزۇ بوۋاينىڭ ماگىزىنى ئوچۇق تۇراتتى. كامىلغا بەرگەن بايىقى ۋەدەم يادىمغا كەلدى ـ دە، بالىنى كۆتۈرۈپ ماگىزىنغا كىردىم.

ماگىزىندىن چىقاي دەپ، ئىشىك ئالدىغا كېلىشىم، مەن ئۇچۇن ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالغان تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالدى. قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، ھەتتا بوشقىنا تۈۋلاپمۇۋېتىپتىمەن.

— نېمە بولدى ئاپا؟ — بالىنىڭ سوئالى بىلەن ئېتتىك ئېسىمنى يىغدىم ـ دە:

— ھېچنېمە، — دەپلا، يەنە كەينىمگە ئۆرۈلۈپ، پۇكەي ئالدىغا كەلدىم. قانداق ئەقلىم ئىشلىدىكىن، خەنزۇ بوۋايدىن بىر بولاق چاي ئاپتىمەن. ماگىزىندىن يېنىپ چىقىپ، ئۇدۇلدىكى ئاشخانىغا قاراپ خېلىغىچە تۇرۇپ قالدىم. دەل شۇ يەر، ئاھ پەرۋەردىگارىم بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئادىل بىلەن قەمەر ئەنە شۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئادىلغۇ ئەر كىشى، ئۇنىڭغۇ بوپتۇمۇ دەيلى، لېكىن، قەمەرگە نېمە بوپتىكەن؟ ئۆي ـ ۋاقىسىغا ئوت كېتىپتىمۇ، ھاياسىز، پاسكىنا! كىمدۇر بىرى: «ئاياللارنىڭ گۇمانى ئەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە قارىغاندا توغرا چىقىدۇ» دېگەنىكەن. مەنمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سەزگۈلىرىمگە ئىشىنەتتىم. شۇنچە سەھەردە ئۇلار نەدىن كەلدى؟ كېچىدىن بېرى نەدە يۈردى؟ قەدەملىرىمنى تەستە سۆرەپ يەسلىگە قاراپ ماڭدىم. ھېلىمۇ بالا كۆرۈپ قالمىدى، ئۇ «دادا!» دەپ بىر ۋارقىرىغان بولسا، پۈتۈن پەردىشەپ تۆگەپ، ھەممىمىز شەرمىسار بولار ئىدۇق. كۆزلىرىمدىن ياشلىرىمنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگىنىنىمۇ

تۇيمايلا قاپتىمەن. ئوغلۇم:

— ئاپا، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن يۈزلىرىمنى سىلىغاندىلا ئېسىمگە كەلدىم.

— يىغلىمىدىم بالام، كۆزۈمگە بىر نەرسە كىرىپ كەتتى.

— مەن قاراپ باقايمۇ؟

— بولدى، ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ.

بالىنى ئەركىلەتكەن بولۇپ، باغرىمغا مەھكەم باستىم.

— مېنىڭ تىرىكىممۇ سەن، يۆلەنچۈكۈممۇ سەن، بالام! — تۇرۇپ ئەندىكىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. خەق نىمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ ھېچكىم ماڭا دىققەت قىلغاندەك ئەمەس. ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

بـالـىـنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇپ، قايتتىم. مەن يولنى ئـەمـەس، يـولـلار مـېنى، يۈرىكىمنى دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى. سارغايغان كۈز يوپۇرمىقى ئاندا ـ ساندا لەيلەپ چۈشۈپ، ئاياغ ئاستىمىزدا دەسسىلىپ قالاتتى.

— كۈز يوپۇرمىقى! — يەردىن بىر تال يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئالـىـقـىـنـىـمغا قويدۇم، — مەن ساڭىلا ئوخشاپ قالغاندەك قىلىمەن.

ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى يۈز ـ كـۆزنـى سىيپاپ ئۆتەتتى. ئىختىيارسىز تەنلىرىم شۈركىنىپ مـۈزلىگاندەك قىلدىم. ئۈستۈمگە كىيىۋالغان ھاۋارەڭ يازلىق پەلتونىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەنىكەنمەن. شامال ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى ھەريان ئۇچۇراتتى. ياقامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەلتوغا تىخىمۇ بەكرەك ئوراندىم.

ئـاشـۇ تـەقـلـىدتە لەيلەپ مېڭىپ، خىزمەتكە بىر سائەت كېچىكىپ كەپتىمەن.

شـۇ كـۈنى كەچتە ئۇ قايتىپ كەلدى. بالىنى ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ

ياتقان ئادىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. بىراق، گەپلىرىم، تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك، خېلىغىچە زۇۋانىمنى چىقىرالماي قالدىم. خۇددى ئادىلنىڭ ئالدىدا بىر نومۇسلۇق ئىش قىلىپ قويغاندەك، ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈمگە خىجىل بولۇپ، يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ ئېغىز ئاچتىم.

— ئادىل بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ پاراڭلاشساق بوپتىكەن.

— پاراڭلاشقۇدەك نېمە بار؟ — ئۇ ئىرەن قىلماي ياتاتتى.

— نېمە بار دەيسىزغۇ؟ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش نورمال ئىشقۇ؟

— نېمە بولدۇڭ دىلدار؟ خىيالىي سۆزلىمەي ئورۇن سالە، بۇگۈن بەك چارچاپ كەتتىم.

— شۇنداقمۇ، قەمەر سىزنى بەك كۆڭۈللۈك ئويناتقان ئوخشىمامدۇ؟ — بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ تۇيمايلا قالدىم. كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ مېڭىلىرىم غوڭۇلداپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن دىلدار؟ — ئۇ خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭا گۆلەيدى.

— نېمە دېگىنىمنى تېخى بىلەلمىدىڭىزما؟ سىز مېنىڭ ئېرىم، بالىنىڭ دادىسىسىز. مېنىڭ سىزنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى سوراش مەسئۇلىيىتىم بار. سىزنىڭمۇ زىممىڭىزدە بىر بالىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بار. قەمەر دېگەن پاسكىنىنىڭ سىزدە نېمە ئېلىشى بار ئىدى؟ ئەتىگەن قاغا پوق يېمەستە، ئۇنىڭ بىلەن ئاشخانىدىن چىققىنىڭىزنى كۆردۇم. سىز بىر دادىسىز، بالىڭىزدىن خىجىل بولمامسىز؟ — ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. بارماقلىرىم ئارىسىدىن سىرغىغان ياش، ئېتەكلىرىمگە تۆكۈلەتتى.

گەپ تەسىر قىلدىمۇ، يا يىغامنى كۆرۈپ بىر ئاز يۇمشىدىمۇ، ئۇ يېنىمغا كېلىپ، مۈرەمدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— بىلىمەن دىلدار، سەن جاپادا قالدىڭ. لېكىن مېنىڭ قىلىۋاتقىنىممۇ سەن ئۈچۈن، ئوغلۇم ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مەندىن بۇنداق خاتا گۇمان قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

— قەمەر بىلەن شېرىكلەشمىسىڭىز، سىزگە باشقا شېرىك يوقمىدى؟ بولدى، زادى شۇنداق يېرى بولسا، بۇ سودىنى قىلماي قويۇڭ. مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا كۆڭۈل ئارامى كېرەك، — ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلاندىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار ئىدىم.

— يېڭى سالدۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزمۇ پۈتەيلا دېدى. ئاز كۈندە شۇ ئۆيگە كۆچۈپ چىقايلى. بۇندىن كېيىن سەنمۇ خىزمەت ئىشلىمە. ئەمدى بارلىقىمىزنى ئوغلىمىزنى تەربىيىلەشكە قارىتايلى، ماقۇلمۇ؟ — ئۇ بۇ سۆزى بىلەن مېنى ئالداۋاتامدۇ يا راست دەۋاتامدۇ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

— مېنى ئۇ چوڭ قورۇدا ھۇۋقۇشتەك يالغۇز تۇر، دېمەكچىمۇسىز؟ ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. كەسپىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئوبدان بىلىسىز. ئەگەر سىز تەلەپ قىلسىڭىز، خىزمەتتىن كەچسەممۇ كېچەي، بىراق، سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىزدىن ئايرىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭ.

— ماقۇل، مەنمۇ ئاستا ــ ئاستا تۈزىتەي. مۇسۇلماندارچىلىقمۇ ئاستا ـ ئاستا ئەمەسمۇ؟ — ئۇ ئېڭىكىمدىن تۇتۇپ، مېنى يېقىملىققىنا ئەركىلىتىپ قويدى. شۇنداق بىر كېلىشكەن يىگىت مېنىڭ ئېرىم ـ ھە؟ مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ قالدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم يۈرىكىم بىلەن ئۇنى قۇچاقلىغۇم، مەڭگۈلۈككە قۇچاقلىغۇم كېلەتتى.

— بىز سىزدىن ئايرىلالمايمىز. ئادىل! — ئۇنىڭ

ئېچىكىمنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ باغرىمغا باستىم.

ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن!

**4**

چاغانغا ئۇلگۇرۇپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتۇق. مەن ئەڭ ئاخىرقى يۈك ـ تاقىلار بىلەن بىللە بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم قەدەم باستىم.

بىر مو كەلگۈدەك قورۇ پىشىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تام بىلەن قورشالغانىدى. كەڭ ياسالغان رىشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرگەن يول ئوتتۇرىدىكى گۈلخاننى ئايلىنىپ، ئىككىگە ئايرىلاتتى. گۈلخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ماشىنا قويۇش ئورنى، سول تەرەپ ئىشىكتىن كىرگەن يەرگە كىچىككىنە بىر تۆمۈر رىشاتكىلىق قەپەس، ئۇنىڭدىن سەل نېرىغا ئاق سىرلانغان بىر دۇگىلەك سېمونت شىرە بىلەن بىرنەچچە ئورۇندۇق جايلاشتۇرۇلغانىدى. ئەتراپىغا يېڭى تىكىلگەن بىرنەچچە تۈپ مەجنۇنتال بىلەن ئارچا كۆچەتى خۇددى ئۆزلىشەلمەيۋاتقاندەك غېرىبسىنىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا، مىللىيچە ئۇسلۇبتا ئاجايىپ كۆركەم سېلىنىپ، ئايئاق سىردا سىرلانغان ئىككى قەۋەت بىنا قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن توزدەك رەڭدار كۆرۈنەتتى. ئۇستا ھۈنەرۋەنىنىڭ قولىدىن چىققان ھەربىر نەقىش ساماۋى خان سارايلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئىللىپىس شەكىلدە ياسالغان قوش قاناتلىق ئەينەك ئىشىكتىن كىرگەندىن تارتىپ تاكى ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغىچە قىزىل پالاس سېلىنغانىدى. ئۆيدىكى رەڭدار چىراغلار، دېرىزىگە ئېسىلغان چەت ئەلنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىر يۈرۈش پەردىلىرى، ھەممە ئۆيدە چوغدەك چاقناپ تۇرغان خوتەن گىلەملىرى، ھەربىر ئۆي جابدۇقىنىڭ تېگىشلىك

ئورۇنغا جايلاشتۇرۇلغانلىقلىرى بۇ ئۆينى خۇددى بىر ئۇستا سەنئەتكار تەرىپىدىن لايىھىلەنگەندەك تەسىر كەلتۈرەتتى.

ئەرلەر ئۇنى ـ بۇنى يۆتكەش ـ چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئادىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى زالغا قويۇلغان ساپاغا ئۆزۈمنى ھارغىن تاشلاپ ئولتۇردۇم. بۇنداق كاتتا ئۆي ـ ئىمارەت، ھەشەمەتلىك ئۆي جاھازىلىرىنى تۇتارمەن دەپ چۈشۈمدىمۇ ئويلىمىغانىدىم. مەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنمەن. ساپانىڭ يۇمشاق يۆلەنچۈكىگە بىر جۈپ ئاق قۇ بىلەن گۈلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياپقۇچ يېپىلغانىدى، ئۇنى تۇتۇپ كۆرۈۋېتىپ، يۈرىكىم ئىختىيارسىز جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇنى قەمەر تۇتۇپ كۆرگەن بولغىيمىتى؟ بىردىنلا ئۆپكەم ئۆرلەپ يىغا تۇتتى. ئۆزۈمنى خۇددى خەقش بالا ئويناپ ـ ئويناپ بىر چەتكە تاشلاپ قويغان لاتا قونچاقتەك بىچارە ھېس قىلىپ كەتتىم.

بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپمۇ، ئۇ ھېلىقى مىجەزىنى يەنىلا تاشلىمىدى. تېخى «سىلەرگە ھەمراھ بولىدۇ» دەپ سەھرادىكى بىر تۇغقىنىنىڭ قىزىنى بىزگە قوشۇپ قويغىنىغا نىمە دەپ كېتەي؟

بىز كېلىپ، ئەتىسىلا ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىكى ھېلىقى رىشاتكىلىق قەپەستە گېرمانىيىنىڭ قىممەت باھالىق يوغان باش ئىتىدىن بىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئىتنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، قورۇغا ئادەم ئەمەس چاشقاننىمۇ يولاتمايدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ، ئاز كۈندىن كېيىن سەھرادىكى ئاپامنى ئەكىلىپ بۇ ئۆيدە بىر ھەپتە تۇرغۇزدۇم. بىچارە ساددا ئاپام يەرگە سېلىنغان قىزىل پالاسنى، تامغا ئورناتقان گۈللۈك چىراغنى، ئاشخانا ئۆيدە ئەنسىز ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان توڭلاتقۇنىڭ بۇرجەكلىرىنى سىلاپ كۆرەتتى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئازىلغىنىمغا يارىشا، خۇدا بەختىڭنى بەردى بالام، — دەپ قويىدۇ. سىرتىم پۈتۈن تۇرغان بىلەن، ئىچىمدە پارە ـ پارە بولىۋاتقان قەلبىمدىكى يېڭى جاراھەتنى ئاپامغا قانداقمۇ كۆرسىتەي؟

مەن ھازىر ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن، پەقەتلا ئادىلنىڭ ئالدىدا «مانىغۇ» دەپ تاشلاشقا ئىسپاتىملا كەم ئىدى. ئاپام بىزنىڭكىدە تۇرغان بىر ھەپتىنىڭ ئۈچ كۈنىدە ئادىل ئۆيدە بولمىدى. بۇنىڭغا نېمە دەي؟ ئاق كۆڭۈل ئاپامغا چاندۇرماي:

— تىجارەت دېگەن شۇنداق بولىدىكەن ئاپا. «پۇل دېگەننىڭ بىر ئۇچى يۇرەكتە»، دېيىشىدۇ. نەچچە مىڭلىغان پۇلنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەندىن كېيىن شۇنىڭ كەينىدىلا بولىدىغان گەپكەن. بۇمۇ بىز ئۈچۈن دېگىنە، — دەپ قويىدۇم.

ئاپام قايتىدىغان كۈنى ئادىل ئۇنىڭغا بىرنەچچە قۇر كىيىم ئالغاچ كەپتۇ. ئاپام خۇشاللىقىدا بىر نامىزىدا مىڭنى دۇئا قىلىدىغان بولۇپ، قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى كىيىملىرىمنى تازىلاتقىلى بازارغا چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئادىلنىڭمۇ بىرنەچچە قۇر كىيىمىنىڭ تازىلىتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى رەتلەۋېتىپ، قارا كۆك كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە سۈرەت تېپىۋالدىم.

«ئاھ خۇدا!» دېگىنىمنىلا بىلىمەن. ئايلىنىپ كېتىپ پول ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىر چاغدا تىزىم بىلەن جەينىكىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىدىن ھوشۇمغا كەلدىم. ئاچىزلاپ كەتكەن گەۋدەمنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. تېنىمدە ماغدۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. كۆزلىرىمدىكى ئىمىر ـ چىمىر بېسىلغاندىن كېيىن بايىقى سۈرەتكە قايتا تىكىلدىم. سۈرەتتە ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيگەن قەمەرنىڭ سېمىز بىلەكلىرى كۈلۈپ تۇرغان ئادىلنىڭ بويننى قۇچاقلاپ تۇراتتى.

بىر - بىرىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردە، چەكسىز مېھرى - مۇھەببەتنىڭ ئۇچقۇنى چاقنايتتى. سۇرەتنى قانچە مىجىقلىسامۇ، پارە - پارە قىلىۋېتىشكە قۇربىم يەتمىدى.

شۇ كۈندىن كېيىن ئاغرىپ يېتىپلا قالدىم، دوختۇرغا بارغۇچىلىكىممۇ يوق ئىدى. خىزمەتداشلىرىم يوقلاپ كەلگەچ، مېنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردى. يەنە شۇ كونا مۇقام:

— نېرۋىڭىز قاتتىق چارچىغان، تېنىڭىز زەئىپلەشكەن، بىر مەزگىل بېسىپ داۋالىنىڭ، — دېيىشىدۇ.

ئۆزۈم 6 - 7 يىل تېببىي ئىلىم ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق، بۇلارنى بىلمەي قالارمىدىم. مېنى دەرد يىقىتتى. دەرد! بىراق، ئامال قانچە؟ ھەتتا مېنىڭ «ئىچىمنى بوشتاي» دەپ، دەرد ئېيتقۇدەك ئادىمىممۇ بولمىسا! ئۇنى يېقىنىم، بۇنى دوستۇم دەيسەن، بىراق ئۇلارمۇ چاغلىق. تېخى قايسى كۈنىلا دوختۇرخانىمىزدا بىر قىزنىڭ تويى بولۇۋېدى، نېمە دېيىشتى، دېمەمسىلەر؟ «بۇ تازا ئوينىۋاپ - ئوينىۋېلىپ، شۇنداق ئوبدان بالىنى كوممىدا قويدى» دېيىشتى. ئەگەر يامانراق بىرىگە ئۇچرىغان بولسىدى «جاجىسىنى يېدى» دېيىشەتتى. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، قىزنىڭ گۇناھى نېمە؟ بىرىنچىدىن، چىرايلىق، ئىككىنچىدىن، شوخ ھەم تېتىك، ئۈچىنچىدىن، كېيىمنىڭ ئەڭ ئالدىنى كىيىپ، ياسىنىپ يۈرىدۇ. ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇقتە. خەقتىن ئېشىپ كەتتىڭمۇ بولدى غەيۋىتىڭنى قىلغىنى قىلغان. بەختسىز بولۇپ قالساڭچۇ؟ «ئۆزىنىڭ شورى» دېيىشىدۇ. مۇشۇ تاپتا مەن ئۇنلۇكرەك «ئۇھ» دەيچۇ، نېمە دەيدىكىن: ئادىلنىڭ سايىسىدا يۈرۈپ، كۆرەڭلەپ كېتىۋېدى، ئەمدى خۇدايىم كۆرسىتىۋاتىدۇ، دېيىشتىن يانمايدۇ. شۇ تاپتىمۇ خېلى گەپ چىقىپ بولغاندۇ، ھەقىچان. ئۆزۈمگە: سىزگە دۆلەت ياراشمايۋاتقان ئوخشايدۇ، چوڭراق نەزىر قىلىۋېتىڭلار، دەپ يېغىرىمغا تەگكەنلەرمۇ ئاز بولمىدى.

نەچچە كېچىنى كۆز يۇمماي، بۈگۈن سەھەرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۆينىڭ ئىچى دىمىقىپ كەتكەندەك تىنجىق ئىدى. دېرىزىنى ئېچىشىمغىلا يازنىڭ سەھەردىكى سالقىن ھاۋاسى يۈزۈمگە كېلىپ ئۇرۇلدى. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئۆزۈمنى شۇ شامالغا تۇتۇپ تۇردۇم. خۇددى سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا يۇيۇنغاندەك راھەتلىنىپ كەتتىم. سەھرادىكى چاغلىرىمدا، ھەر كۈنى سەھەردە مانا مۇشۇنداق راھەتلىنىپ قالاتتىم.

بالا چاغلىرىمىزدا تېزراق چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەمدى ئويلىسام نېمىدېگەن گۈزەل چاغلار شۇ!

چۈشكە يېقىن، قەپەستىكى ئىتنىڭ ئەركىلەپ غىڭشىغىنى، كەينىدىنلا دەرۋازىنىڭ غىچ قىلغان ئاۋازى بىلەن، ماشىنا ماتورىنىڭ قوزغالغان ۋە توختىغاندا چىقىرىدىغان يەڭگىل شاۋقۇنى ئاڭلاندى. ئۇ كەپتۇ-دە، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ھايال ئۆتمەيلا ئادىل، قەمەر ۋە يەنە بىر ئەر كىشى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. قەمەرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ تەنلىرىم غۇژژىدە بولۇپ قورۇلغاندەك قىلدى.

— ھوي، دىلدار ياخشىمۇسىز؟ — قەمەرنىڭ مەن بىلەن ئېسىلىپ كۆرۈشكىنىگە نېمە دەپ كېتەي، — چىرايىڭىز سارغىيىپ قاپتۇ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ھەئە نەچچە كۈن بولدى دەم ئېلىۋاتىمەن، — ئۇلارنى ئۆيگە باشلىغاچ جاۋاب بەردىم.

— دوختۇرغا كۆرۈنمىدىڭىزمۇ؟

— ئۆزى دوختۇر تۇرسا، دوختۇرغا كۆرۈنۈش كېتىدۇ دەمسىز قەمەر؟ — ئادىل چاقچاق قىلىپ، مۇرەمگە قېقىپ قويدى، — بالا قېنى؟

— يەسلىدە، — قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقتىم. سەھرادىن ئەكەلگەن تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى تېخى يېڭىراقتىلا ئادىللارنىڭ چوڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئازاب ھەم

خورلۇق ئىچىدە يۈرۈپ ئۇلارغا چاي راسلاشقا كىرىشتىم.

— دىلدار، يېڭى ئۆيگە كۆچكىنىڭلاردىن بېرى سىلەرنى مۇبارەكلەپ كېلەلمىدۇق. بۈگۈن ئىنىم ئىككىمىز، يولدىن ئۆتكەچ ھال سوراپ قويايلى، دەپ كىرگەن.

— رەھمەت! — دەپ كۈلۈپ قويدۇم. ئىشىم بولمىسىمۇ، ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ ھېلىدىن-ھېلىغا ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرەتتىم. دەۋرەپ تۇرغان كۆز ياشلىرىم ئاشخانا ئۆيگە كىرىش بىلەنلا تاراملاپ تۆكۈلەتتى. يەنە تېزلا ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ، ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ، يالغاندىن بىر-ئىككىنى كۈلۈۋېلىپ، ئاندىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرەتتىم. كۈلكىلىرىممۇ بارغانسېرى قاملاشمىغىلى تۇردى. بەزىدە ھەتتا يىغىغىلا ئوخشاپ قالاتتى. ئاخىرى مىڭ بىر بالالىقتا ئۇلارنى يولغا سېلىۋالدىم. ئادىل ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، ماڭا خاپا بولۇپ كەتتى.

— نېمانچە ئوڭىسەن، خۇددى ئۇلار بىر نېمەڭنى يەپ كېتىدىغاندەك؟ ھەممىنى مەن تېپىپ بېرىۋاتىمەنغۇ ساڭا!

— توغرا دېدىڭىز، ھەممىنى سىز تېپىپ بېرىۋاتىسىز. لېكىن ئۇ، سىز مەڭگۇ تاپالمايدىغان پۈتۈن ۋەسلىڭىزنى بېرىپمۇ سېتىپ ئالالمايدىغان بىر نەرسىنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. ئادىل سىز بەك ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز. «ئاتا قىلسا بالىغا» دەيدىغان گەپ بار. ئەمدى بۇ قىلىقلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋالمىسىڭىز، ئاشۇ بىر تال ئوغلىڭىزغا قىلىپ قويىسىز، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— نېمە دەيسەن؟ سېنىڭ راست دېگەننى بىلمەيدىغان نېمىكەنسەن. ئەمدى سەنمۇ تولا ھەددىڭدىن ئاشما! — ئۇ مەندىن ئۆتە ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى.

— نېمە، ھەددىدىن ئاشقان مەنمۇ؟ — تاقىلداپ بېرىپ، تارتمىدىن سۈرەتنى ئالدىم-دە، ئالدىغا ئاتتىم، — نېمە بۇ؟ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ كىمىڭىزنى كۆزىڭىزگە ئىلمايسىز؟ بۇنداق قىلىپ جېنىڭىزنى قىينىغۇچە ئاجرىشىمەن، دېسىڭىزلا بولمامدۇ؟

— ئاجرىشىمەن؟ — ئادىل مەنىستىمىگەندەك كۆلۈپ قويۇپ ساپاغا ئولتۇرغاچ تاماكا تۇتاشتۇردى، — ئاجراشماق شۇنداق ئاسانمىكەن؟

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى زادى ئاجرىشىمەن!

— ھىم، سەن دەۋرنىڭ كەينىدىن بەكلا كېيىن قاپسەن، ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامدىيالىغان شارائىتتا نىكاھلىق بولۇشقا بولىدۇ، دەيدىغان يېڭى بەلگىلىمە چىقتى. سېنى ئىقتىسادىي جەھەتتە، خەق ئارزۇ قىلىپمۇ يېتەلمەيدىغان شارائىتقا ئىگە قىلدىم. ئىككى نىكاھلىق بولامدىكەن؟ ئەمدى قانچە قىلساڭمۇ بەربىر، ئەمما، ئاجرىشىمەن دېگەن گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما.

— ھۇ بۇزۇق، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ قانۇندا ئۇنداق بەلگىلىمە يوق، بولغاندىمۇ، خۇدانىڭ ئالدىدا خىجىل بولامسەن؟

— ئاغزىڭنى يۇم، شەرىئەتتە يەتتە خوتۇنلۇق بولۇشقا بولىدۇ!

يەنە نېمىلەرنى دېدىم، بۇلار ئېسىمدە يوق. بىر چاغدا ھوشۇمنى يىغسام، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ماڭا ئاسما ئوكۇل ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئادىل دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەنگىنىچە، سىرتقا قاراپ تۇراتتى. مېنىڭ مىدىرلىغىنىمنى ئاڭلاپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ يېنىمغا كەلدى ۋە ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— قانداقراق دىلدار؟ — دەپ سورىدى. ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىمدىن ئۆرلىگەن بىر ئاچچىق مېڭەمدىن چىقتى. ئىتتىكلا كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تەتۈر قارىۋالدىم. كۆزلىرىمدىن ياشلار يەنە تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئاھ خۇدا! نېمىشقا ئۇنىڭغا بالا ـ قازا بەرمەيدىغانسەن؟ ئۇ مېيىپ بولۇپ يېتىپ قالسا، مەن ئۇنى ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ باققان بولسام.

تۇنجى قېتىم خۇداغا يىغلاپ تۇرۇپ، شۇنى تىلىدىم.

— يەنە نېمىمگە يىغلايسەن دىلدار، كەڭرەك بولساڭ بولمامدۇ؟

ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمىدىم، جاۋاب بەرگۈدەك رەۋىشىممۇ يوق ئىدى. كاللامدا بولسا، ئاجرىشىپلا كەتسەمچۇ؟ دەيدىغان بىر خىيال ھۆكۈم سۈرمەكتە. تۇۋا خۇدايىم، ئىنسانمۇ مۇشۇنداق بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە، ھايۋانمۇ؟ مەن بىر مۇستەقىل ئادەم، بەختلىك تۇرمۇشنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلىدىغان بىر سەمىمىي، پاك ئايال ئىدىمغۇ؟ مېنىڭ نەزىرىمدىكى بەخت، ھەرگىزمۇ بىھېساب مال ـ دۇنيا، زىبۇ زىننەت ۋە كىيىم ـ كېچەكتە ئەمەس... ئاھ، مەن بەك رومانتىك ئىكەنمەن. مۇھەببەت بەختمۇ ياكى بەختنىڭ ئۆزى مۇھەببەتمۇ؟ مەن زادى قايسىسىغا ئىرىشمەكچى؟ مەن ئادىلدىن نېمىنى كۈتۈپ يۈرۈۋاتىمەن؟ ئەلۋەتتە، ئۆزۈم ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان چىن مۇھەببەتنىڭ جاۋابىنى. مەن تېخى ياش. ئاجرىشىپ كەتسەممۇ يەنە مۇشۇنداق بىر ئەرگە تېگىمەن. ئۇ چاغدا مەن ئۇ ئەرگە نېمىنى بېرىمەن ھەم نېمىنى تەلەپ قىلىمەن؟ قەلبى ئۆلگەن بىر ئايالدا، ھاياتقا بەرگۈدەك نېمە بار دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم بەش يىل يۈرۈپ، ئارزۇلاپ تەگكىنىم بۇنچىلىك. ئەمدىكىسى نېمە بولماقچى؟... بەزى چاغدا ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، بىر ئۆيدە ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ ساڭا چەكسىز بەخت بولۇپ تۇيۇلىدۇ...

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۆزۈمنى خىزمەتكە بۇرۇنقىدەك ئۇرۇپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم. سالامەتلىكىم ناچارلاشقاندىن بېرى، ئوپېراتسىيىلەرگىمۇ ئورۇنلاشتۇرمايدىغان بولدى. ئۆزۈممۇ بۇنداق لەيلەپ يۈرۈشتىن خىجىل بولۇپ، ئوكۇل بۆلۈمىگە ئالمىشىۋالغانىدىم.

بايا بىزنىڭ يېزىدىن كەلگەن بىرەيلەن، مېنى ئوكۇل بۆلۈمىگە ئىزدەپ كىرىپتۇ.

— ياخشىمۇسىز دىلدار؟
— ۋييىي قادىركامغۇ بۇ، ياخشىمۇسىز؟
— ھە، تىنچلىق تۇرۇۋاتامسىلەر؟
— ھەئە، ئۆزۈڭلارچۇ؟
— خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس كېتىپ بارىمىز، — قادىركامنى بۆلۈمگە باشلىغاچ سورىدىم، — بۇ ياققا كىرىپ قاپسىزغۇ؟
— ھەئە، بىزنىڭ بىر تۇغقان ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، يوقلاپ قوياي دەپ كىرگەن.
— ھە، ياخشى بوپتۇ. ئەمدى ئۆيلەرگە باشلاپ باراي.
— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت، ئاپىڭىزنىڭ بىر ئامانەت گېپى بار ئىدى. شۇنى يەتكۈزۈپ قوياي دەپ. . .
— ئاپامنىڭ؟ قادىركا ئاپام قانداقراق؟ — ئەندىكىپ سورىدىم. ئاپامنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن كۆزلىرىمگە ياش تولغانىدى.
— ئۆزىغۇ ياخشى. شۇ سىزنى بىر چىقىپ كەتسۇن، دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى.
بېشىم پىرىردە قايغاندەك بولدى. كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق شۇم خىياللار ئەگىيتتى. قادىركامغا نېمىلەرنى دېدىمكىن، ئىشقىلىپ ئۇنى يولغا سالدىم ـ دە، قايتىپ كىرىپلا، ئۆيگە چاپتىم. يولدا كېتىپ بارىمەن. كاللامدا تۇرلۇك ـ تۈمەن خىياللار، بىچارە ئاپام. تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا چىققىنىمدا بىر ئوبدان تۇراتتى. نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ ئۆمرىدە مېنى بىر قېتىممۇ چاقىرتىپ باققان ئەمەس، چوقۇم بىر ئىش بولدى، ئاپامنىڭ مەن ئۇچۇن شۇنچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن ئاپا، جېنىم ئاپا! سىز مېنى چوڭ قىلىمەن دەپ ئېغىر ئەمگەكتىلا چىقىلىپ كەتكەن ئىدىڭىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر قېتىممۇ ۋايىسغىنىڭىزنى

ئاڭلىغان ئەمەسمەن. «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دەپ ئەجەب توغرا ئېيتىپتىكەن. شۇنچە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق بىر قېتىممۇ ھالىڭىزغا يەتمەپتىمەن، شۇ ئاددىي، كۆرۈمسىز ئۆيىمىزدە قانچە كېچىنى يالغۇزلۇقتا يېتىمسىراپ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىڭىز؟ مۇكچەيگەن قەددىڭىزنى تەستە سۆرەپ يۈرگىنىڭىزدە، يەنە قانچە چېلەك سۇنى تومۇز ئىسسىق، قار - شىۋىرغان دېمەي ئۈستەڭ بويىدىن ئېلىپ كەلگەنسىز؟ خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرغۇدەك ھالىممۇ قالمىدى. يۈزلىرىم كۆز ياشلىرىمدا يۇيۇلماقتا ئىدى. ئاپام غۇلچىنى كەڭ يېيىپ تۇرسا، مەن خۇددى كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاپامنى مەھكەم قۇچاقلىسام، ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرىگە يەنە بىر قېتىم قانسام.

ئۆيگە كەلسەم ئادىل بار ئىكەن. خۇددى تامدەك مەدەتكە ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم.

— ئادىل، ئاپام مېنى چاقىرتىپتۇ، — سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنىمۇ قىلالماي يىغلاپ تاشلىدىم.

— شۇنىڭغىمۇ يىغلىغان بارمۇ؟ ھەي، ئايال كىشى دېگەنزە، كۆز يېشى تەييارلاپ تۇرغان، سېغىنغاندۇ شۇ؟ — ئۇ ماڭا بىر تەرەپتىن يول تەييارلىقىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئۆزى دېمىسىمۇ، سېزىپ تۇراتتىم. ئاخىرى يولغىمۇ چىقتۇق. كېتىپ بارىمىز. ئادىل ماشىنىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. كەينى ئورۇندۇقتا بالىنى مەھكەم قۇچاقلاپ خىيالدا ئولتۇرىمەن. كۆزلىرىمدىكى ياش ھېچ قۇرۇيدىغاندەك ئەمەس. ئاپام ھاياتمىدۇ؟... بولمىغاندا، ئاپامنىڭ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىز يېتىپ كەلگەندە، ئاپام ھويلىدىكى يازلىق چايخانىدا يېتىپتىكەن. يېنىدا تاغام، تاغامنىڭ ئايالى ۋە بىرنەچچە قولۇم - قوشنىلار ئولتۇراتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا:

— ئاپا! — دېگىنىمچە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاغرىق ياتقان ئاپامغا تەسەللى بېرەي دەپ قانچە قىلساممۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايۋاتاتتىم.

— جېنىم بالام! — ئاپام باش - كۆزۈمنى سىلىغاچ، ماڭا تەسەللى بەرگىلى تۇردى، — قوغۇن پىشقاندا ساپىقىدىن ئۆزى ئۈزۈلىدىغان گەپ بالام، يىغلىما، مېنى خاتىرجەم ياتقىلى قوي.

— نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا ئاپا، مانا بىر ئوبدان تۇرماسەن؟

— ھەئە بالام، سېنى كۆرۈپ ياخشىلا بولۇپ قالدىم، — ھەر ئىككىمىز چاندۇرمىساقمۇ، كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇيۇلاتتى. ئولتۇرغانلارمۇ بىزگە قاراپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى.

كەچ كىردى، ئاپاممۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەكلا قىلاتتى، ئىككىمىز تا يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق، ئەتىسى ئاپام ئورنىدىن بىر ئوبدانلا تۇردى، چۈشكە يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار يىغىلغاندا، ئاپامغا دېگەن يەنە شۇ بۇرۇنقى گېپىمنى قىلدىم.

— تۇغقانلار، ھەممىڭلار ئولتۇرۇپسىلەر. ئاپامغا بىر نەسىھەت قىلىپ قويغان بولساڭلار. بىزنىڭ ئۆيلەرمۇ كەڭرى، ئاپام قورۇنغۇدەك ئادەممۇ يوق. بۇ يەردە يالغۇز تۇرغىچە مەن ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دېسەم نېمىشقىكىن پەقەتلا ئۇنىمايدۇ. ئەمدى بولسىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ چىقسۇن، ئۇ يەردە شارائىت بولغاندىن كېيىن، ياخشىراق دوختۇرغا كۆرسىتىپ داۋالىتاي، دېگەنىدىم.

— ھوي، دىلدار ياخشى گەپ قىپتۇ، نېمىشقا ئۇنىمايلا؟ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپتىن سالا قىلىشتى.

— بالام ئۆزى خىزمەتتە، مەن بارسام بىر ئادەمنىڭ ئىشى كۆپىيىدىغان گەپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنىڭ جاپاسى ئازمۇ؟ — ئاپامنىڭ ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە يەنە، ئالىمادىس

بىر ئىش بولۇپ قالسا مۇشۇ سەھرانىڭ تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ قالماي دەپ ئويلايدىغىنىمۇ ماڭا ئايان ئىدى.

ئاخىرى ئاپامنى كۆندۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ كىردىم ھەم شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق ئىچكى كېسەللەر دوختۇرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئاپامنى تەكشۈرتتۈم. ئاپامدا چوڭ كېسەل يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالىتىپ ئوبدان كۈتتۈم. لېكىن، ئاپام كۈندىن - كۈنگە ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى، بىچارە ئاپام مۆلدۈرلەپلا قالغان كۆزلىرىنى مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئۈزمەي قاراپ ياتاتتى. ئاخىرى بارلىق تىرىشچانلىقىمىز بىكار كېتىپ، ئۈمىد ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە سەھراغا قايتتۇق. يولدا كېتىپ بارىمىز. ئادىل ماشىنىنى ئىمكانبار سىلىق ھەيدەيتتى، ئاپامنى كەينى ئورۇندۇقتا ياتقۇزۇپ، بېشىنى قۇچىقىمغا ئېلىۋالغانىدىم. ئادىلنىڭ كەينىدىن قاراپ ئولتۇرۇپ، خىيالغا كەتتىم: ئادىل، سىزدىن بىكارلا رەنجىپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، بۇ قېتىم خۇددى ئۆز ئانىڭىز ئالدىدا باللىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىۋاتقاندەك، كۈيئوغۇللۇقىنىمۇ ئاشۇرۇپ يەتكۈزدىڭىز، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار، ئادىل؟! . . .

ئۇ ئېسىل يىگىت، ھەقىقەتەن ئېسىل يىگىتتە؟! توۋا، دۇنيادا ئادەمنى چۈشەنمەك نېمە دېگەن تەس. مەن شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھەتتا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىمۇ بىلگىلى بولسا دەيمەن. بەلكى مەن رەنجىشنى بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەندىمەن؟ كىم بىلىدۇ، مۇھەببەت مېنى مۇشۇنداق كەچۈرۈمچان قىلىۋېتىپ بارامدۇ، تېخى؟! ئىختىيارسىز مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم.

ئاپام سەھراغا چىقىپ، ئىككىنچى كۈنى بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى. مەن شۇ كۈندىن تارتىپ، ئاپامنىڭ ئۈچ نەزىر كۈنىگىچە ھوشسىز يېتىپتىمەن. ئاپامنىڭ ئۆلۈمى ماڭا،

قىيامەت دەھشىتىدىنمۇ ئېغىر كەلگەندى. ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلساڭ... ھېلىمۇ يۈرەك بۇ دەردلەرگە چىدايدىكەن. ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئادىلدىن بەك رازى بولۇپ كەتكىنىنى ئۇقتۇم.

— قىزىم، ئادىل ئالتۇنغا بەرگۈسىز بالىكەن. مېيىتنى ئۇزاتقان كۈنى، جىنازىنىڭ بىر تەرىپىنى بارغۇچە دېگۈدەك كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. نەزىرلەرنىمۇ ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، شۇنداق چوڭ قىلىپ بەردى. ئۇرۇق-تۇغقان، جامائەتمۇ شۇنداق رازى بولۇپ كەتتى. خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن. بىرىڭلارنى مىڭ قىلسۇن! — تۇپراق بېشىغا چېچىلىدىغان قوناقتا سۈرە ئوقۇپ ئولتۇرغان موماي گېپىنى قىلىپ بولۇپ دۇئا قىلدى.

— رەھمەت! — دەپ قويدۇم. بۇ «رەھمىتىم»نى مومايغا دېدىممۇ، ئادىلغا دېدىممۇ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئىختىيارسىز ئادىلنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. شۇ ئارىلىقتا سىرتتىن ئۇنىڭ كامىلغا گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قارا بالام، كىيىملىرىڭنى يەنە توپا قىلىۋېتىپسەنغۇ؟

5

بۇ يىل بالدۇرلا قىش بولۇپ كەتكەندى. ئەتراپ ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيىۋالغان نازىنىن قىزغا ئوخشاش، گۈزەل ھەم سۈمباتلىق كۆرۈنەتتى. مۇشۇنداق قېلىن قار ياغقان كۈنلەردە ئۆيىمىز كەينىدىكى ھېلىقى كىچىككىنە تاللىق، خۇددى سالامغا كىرگەن ئۇياتچان كېلىنچەكنىڭ ئاق بۆرتمە شالىدەك جالا-جالا بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئاپام تۇگەپ قىرىق نەزىرىدىن كېيىن سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولمىغاچ، ئۇ ئۆينى يوقلىيالمىغانىدىم. بۈگۈن شۇ تاللىق مەھەللىنى، ئۆزىمىزنىڭ پاكار سېلىنغان كونا ئۆيىمىزنى

ئىختىيارسىز سىغىنىپ قالدىم. بەخۇاش باللىق ھەم ياشلىق دەۋرىمىزدىكى ئەسلىمىلەر، ئاپامنىڭ مۇلايىم، مېھرىبان چىرايىنى، ھەربىر قەدىمىدىن مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان قەددىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. بۈگۈن چىقىپ، ئاپامنىڭ روھىغا نەزىر قىلىۋېتەي دەپ ئويلىدىم.

ئادىل شۇ بىر مەزگىل خېلى تۈزەلگەندەك قىلىۋېدى، يەنە مۇشۇ يېقىندىن بېرى ئۆيگە پات ـ پاتلا كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. پەقەت مۇشۇ ئوماق بالاملا، مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم! بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىغا ئەمەك بولۇپ، دەرد ـ ئەلەمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەكلا بولۇپ قالىمەن. ئىككى كۈندىن بېرى بالىنىڭ تازا مىجەزى يوق. سەل قىزىپ تۇرغاچقىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا دادىسىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ يىغلاپ، ھېچ ئارامىمنى قويمىدى. تەلىيىگە، تېلېفونغا نەچچە چاقىرىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەيلا يېزىغا چىقىپ كەتتىم. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن ياغ پۇرۇتۇپ، ئانچە ـ مۇنچە نەزىر قىلغانمۇ بولدۇق. كەچتە بالامنى كۆتۈرۈپ، تاغامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.

ئاسمانىنى بىر قەۋەت سۇررەڭ بۇلۇت قاپلىغانىدى. جۇدۇندىن ئالدىن دېرەك بېرىدىغان ئاچچىق شامال، قۇلاق تۈۋۈمدە ۋىشىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئەگىپ يۈرەتتى. سوغۇق ھەممە ئادەمنى ئالدىراپ ئۆي ـ ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. سەھراچە پاسوندا پاكار ـ پاكار سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت ئاپئاق ئىس ئەگىيتتى. مەھەللىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن ئاڭلانغان ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىغان ئاۋازى كىشىنى بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. بىردىنلا بالا چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. يۇز ـ قوللىرىڭنىڭ سوغۇقتا مۇزلاپ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي ئويناش، نېمىدېگەن بەخت!

بالىلىقىم كەلسەڭچۇ يېنىپ،
بالىلىققا ئالسامچۇ قېنىپ.

بالىلىقىمدىكى ھەربىر ئەسلىمە خۇددى ئاپامنىڭ ئەللەيي ناخشىسىغا ئوخشاش يېقىملىق ھەم گۈزەل ئىدى.

تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتكىنىمچە، كىچىكىمدىن تالاي مىڭلاپ، سانسىز ئىز قالدۇرغان يوللار بىلەن تاغامنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدىم.

كېچە، دېگىنىمدەك دەھشەتلىك بىر جۇدۇن پۈتۈن تەبىئەتنى ئىلكىگە ئالدى. ئاپئاق قارنى قەھرى بىلەن ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بوران، ئۆزىنى گاھ ئىشىك، گاھ دېرىزىگە ئۇرۇپ، كۆڭۈلگە ئاللىقانداق قورقۇنچلارنى سالاتتى.

بۇگۈن تالادا كۆپرەك ئويناپ كەتتىمۇ، نەچچە كۈندىن بېرى ئېلىك - سېلىك يۈرگەن بالا كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ، باشقىدىن قىزىپ ئاغرىشقا باشلىدى. يېرىم كېچىگە بارغاندا پەقەت بولمىدى. پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ، گاھ ھوشىدىن كېتەتتى. گاھ ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. ئاخىرى، بالىنى كۆتۈرۈپ يېزا دوختۇرخانىسىغا قاراپ چاپتۇق. ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ، شۇۋىرغان دەستىدىن كۆزنىمۇ ئاچقىلى بولمايتتى. تاغام ئالدىمىزدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قول چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆزگە غۇۋا چېلىقاتتى.

دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن، قىزىتمىنى پەسەيتىدىغان بىرنەچچە خىل ئوكۇل - دورىنىڭ كۈچى بىلەن بالا بىر ئاز تىنچلاندى. بوران توك سىملىرىنىمۇ ئۈزۈۋەتكەنىكەن. پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يورۇقىدا، بالىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر چاغدا چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم. ئاپام كونا گۈللۈك كۆڭلىكىنى كىيىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا سۆزلەۋاتاتتى:

— بالام، بۇ بالىنى باقىمەن دەپ ئۆزۈڭمۇ جاپادا قاپسەن، بالىنىمۇ قىيناپ قويۇپسەن، بولدى. بۇ بالىنى ئەمدى مەن باقاي.

— رەھمەت ئاپا، ئۆزۈڭمۇ ئاران تۇرغاندا، بالا بېقىپ نېمە قىلىسەن؟ جاپا تارتساممۇ مەن ياشقۇ! — مەن بالىنى ئەمدى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلىشىمغا، بالا قولۇمدىن سىيرىلىپ چىقىپ، ئاپامنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. بالىنى تۇتۇۋالاي دەپ: «كامىل بالام!» دېگىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم، بالا قولۇمدا ياتاتتى، بالىنىڭ چىرايىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتىم.

ياق، مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس. ئاھ خۇدا! بالا تىنىقتىن قالغانىدى. كۆڭلۈمدە قانچە نالە ـ پەرياد قىلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىرىسساممۇ ئۈنۈمنى تېشىمغا چىقىرالمايۋاتاتتىم. ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا، تاغامنىڭ ئايالى پۇشۇلداپ يېتىپ، ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا مەندە، ئۈنى ئويغاتقۇدەكمۇ مادار يوق. كۆزۈمدىن ئاققان ياشلار بالىنىڭ يۈزىگە دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. بالام، بۇ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىشىم، ئەمدى سېنىڭ جامالىڭنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمەن، سېنى قايتىلاپ باغرىمغا باسالمايمەن. ئەمدى مېنى ھېچكىم ساڭا ئوخشاش چۈچۈك تىلدا «ئاپا» دەپ چاقىرمايدۇ، سېنى خىيالەنمۇ ئەركىلىتەلمەيمەن.

ئەمدى سەن كېتىسەن. بىزدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ قارا تۇپراق قوينىغا كىرىپ كېتىسەن. ئۆزۈڭگىلا خاس بولغان ئىللىق سەبىي پۇرىقىڭ جىسمىڭ بىلەن بىللىلا شۇ تۇپراق قوينىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

بالام! سەنسىز قانداقمۇ ياشارمەن؟ ئاھ خۇدا نېمىشقا مېنىمۇ قوشۇپ ئالغاچ كەتمەيدىغانسەن؟ بۇ دەردمەن دۇنيادىن مەن جاق تويدۇم!

بالىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تويماي قارىدىم. ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئاپئاق، بۇدۇرۇق قوللىرى بىلەن

بىر قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. كېيىن نېمە ئىشلار بولغىنىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيمەن. بىلىدىغىنىم ئوغلۇمنىڭ قارا چېچەك بىلەن ئۆلۈپ كەتكىنىلا، خالاس.

«دادا قىلسا بالىغا» دېگەن شۇ دە. قەمەر دېگەن پاسكىنا ئاخىر بالامنىڭ بېشىغا چىقتى. مەن سەن خەقتىن ئۇنىڭ ئۆچىنى ئالماي قويمايمەن، دائىم قېتىپ قالغاندەك ئولتۇرساممۇ، بۇ خىيالنى كۆڭلۈمدىن بىر مىنۇتمۇ چىقىرىۋېتەلمەيتتىم. ئەتراپتىكىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىپ، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايىم پەلەك، ئىختىيارسىز ئۆزۈمگە سۆزلەپ، ئۆزۈمگە كۈلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇ كۈنلەردە ئادىلمۇ ياۋاشلىشىپ قالدىمۇ، ماڭا بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭمۇ يۈز — كۆزىنى ساقال - بۇرۇت بېسىپ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، ئۆز كەسپىمگىمۇ تونجى قېتىم، ئىنتايىن كۈچلۈك نەپرەت بىلەن ئۆچ بولدۇم.

**6**

ھەش - پەش دېگۈچە قىش كېتىپ باش باھار يېتىپ كەلدى.

قوشلاپ كەلگەن دەرد - ئەلەم ئېسىمنى ئېلىپ قويدىمۇ، يا يۈرىكىم قېتىپ قالدىمۇ، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ سەزمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. باھار كېلىشى بىلەن بازارغا چىقىپ، بىرنەچچە خىل گۈل - گىياھلارنىڭ ئۇرۇقىنى سېتىۋالدىم. ئوغلۇمنى ئاپامنىڭ يېنىغا كۆمگەنىدۇق. ياخشى بىر كۈننى تاللاپ ئۆلارنى يوقلىغىلى چىقتىم، خۇددى ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش مەجنۇنلارچە، ئۆلارنىڭ قەبرە بېشىنى سۈپۈرۈپ، گۈل تېرىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلارنى پات - پاتلا يوقلايدىغان ئىشنى چىقاردىم. كۆپ چاغلاردا ئادىل ماڭا ھەمراھ بولاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەن ئۈچۈن، بىر ئادەت ھەم مۇقەددەس ئېتىقادقا

ئايلاندى. ھەر قېتىم يېزىغا چىقسام بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالاتتىم. كۆڭلۈمنى خۇددى داچىغا بېرىپ، دەم ئېلىپ قايتقاندەك كۆتۈرۈلۈپ، كەيپىياتىمنى ياخشىلىنىپ قالاتتى. كېيىن سالامەتلىكىمنى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

يازنىڭ گۈزەل كۈنلىرىنى ئۆيدە دەم ئېلىپ ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى چۈش پېشىندىن قايرىلغان چاغ ئىدى. مەن قورۇدىكى گۈللۈكتە چۆپ ئوتاۋاتاتتىم، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بىلەن قولۇمدىكى ئىشنى قويۇپ، يۈگۈرۈپ كىرىپ تېلېفوننى ئالدىم. بىز بىر لىنىيىگە ئىككى تېلېفون ئورناتقانىدۇق. بىرى ئاستىنقى قەۋەتتە، بىرى ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئىدى. مېنىڭ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولۇمغا ئېلىشىم ئادىلنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن توغرا كېلىپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە قايسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىكىن، ئىختىيارسىز تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قۇلىقىم تۈۋىگە ئەكەلدىم.

— ۋەي، — بۇ ئادىلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ۋەي، سىز ئادىلما؟ — قارشى تەرەپتىن قەمەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ لىنىيە بويلاپ كەلگەن سىرلىق بىر ئېقىم، قۇلىقىمدىن كىرىپ پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇددى تۇيۇقسىز يۈرەك ئاغرىقى قوزغالغاندەك ئۈنتۈلۈپ قالغان بىر تىترەك قايتىدىن تېنىمگە ئولاشتى.

— ھەئە مەن.

— ياخشىمۇسىز. مەن قەمەر، — قەمەر ناز بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، — نەچچە كۈن بولدى كەلمىدىڭىزغۇ، مەن سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم.

— پاھ، پاھ، ئىككى بايغا بىر مالايلا بولدۇم ـ دە، بۇ يەردىكىسى قانۇنلۇق ئايالىم بولغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن

تۇرمىسام بولامتى، ئەمىسە؟

— ۋايجان، ئۇ سەت كېسەل كۆرپىسىگە ئەجەب ئامراقكەنسىز، قويۇۋەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ ئۇنى، ئۇ چاغدا ئىككىمىز گۇلدەك ئۆتەتتۇق.

— بولا ھە قەمەر، — ئادىل ئۇستۇنكى قەۋەتتە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتسا كېرەك، بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېرەن قىلماي ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

— ئەمىسە چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىش قانداق بولدى.

«ئاھ!» ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم. تېلېفون تۇرۇپكىسىمۇ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئادىل بىرنەچچە دەقىقە جىمىپ كەتتى. بۇ ۋاقىت ماڭا خۇددى نەچچە ئەسىردەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! لەۋلىرىمنى چىشلەپ قانىتىۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

— پۇتەي دەپ قالدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ. كەچتە كېلەمسىز؟ سىزنى ساقلايمەن.

— ماقۇل، — ئىككىلا تەرەپتىن تۇرۇپكىنىڭ قويۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قولۇمدىكى تۇرۇپكىنى قانداق قويۇپ، سىرتقا قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن. كەينىمدىكى يەڭگىل ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغاندىلا ئېسىمگە كەلدىم.

— ئادىل نەگە بارسىز؟

ئۇ ماشىنا تەرەپكە كېتىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— سىرتقا چىقىمەن.

— راست گەپنى قىلسىڭىز بولمامدۇ ئادىل؟ دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن. قەمەرنىڭ يېنىغا بارىسىز، — ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نە خىجىللىق، نە قورۇنۇش، ئاچچىق يا تەنبىھ، ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى، — ئادىل، سىزگە بىر

گەپ قىلاي، مەيلى ئاڭلاڭ، مەيلى ئاڭلىماڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. بۇ گەپنى يۈز ـ ئابرۇي ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىم يوق. ھازىر، يۈز ـ ئابرۇي دېگەننى ئىككى پۇلغىمۇ ئالمايدىغان جاھان بولۇپ كەتتى. بىراق، پۇل سىزنىڭ جېنىڭىز، سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ قەمەرغۇ بوپتۇ، ئۇ بىر بۇزۇق ئايال، سىزنىڭ پۇلىڭىزنى دېمىگەندىمۇ، چىرايىڭىز، تەقى ـ تۇرقىڭىزنى دەپ بولسىمۇ، كەينىڭىزگە كىرىۋالسۇن دەي، ئەمدى ئاۋۇ ۋىجدانىغا ئىت چىچىۋەتكەن ئىنىسىگە نېمە دەي؟ ئۇ سىزنىڭ ئىشەنگەن تېغىڭىز تۇرۇپ نومۇس قىلماي ھەدىسى بىلەن قىلتاق قۇرۇپ، ئۇنىڭ ھارامدىن تاپقان پۇلىغا شېرىك بولغىنىدا ھېچقانداق مۇددىئا يوق دەپ ئويلامسىز؟ ئادىل، پۇل، مال ـ دۇنيا، دۆلەت سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ مال ـ دۇنيارىڭىز ھېچقاچان سىزنىڭ جېنىڭىزغا ئارا بولالمايدۇ. جەمئىيەت ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس. ئەمدى كۆزىڭىزنى چوڭراق ئېچىپ، ھوشيارراق يۈرگىنىڭىز تۈزۈكمىكىن؟! — گېپىم تۈگىشى بىلەن ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنىمۇ كۈتمەيلا ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

بۈگۈن قانچە قىلسامۇ ئۆزۈمنى باسالمايلا قېلىۋاتاتتىم. بىردەم يۇقىرىغا چىقاتتىم. بىردەم تۆۋەنگە چۈشەتتىم. ياق مەن بۇنداق ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەپ تۈگىشىپ كەتسەم بولمايدۇ. شۇنچە يىلدىن بېرى نېمە ئۈچۈن ياشىدىم؟ زادى نېمىگە ئەقىدە قىلدىم؟ ھىم. ئۇنداق ئاسان بوزەك بولىدىغان ئىش يوق. كونىلاردا: «سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە» دەيدىغان گەپ بار. «ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە، بىراقلا ئىچىدە كۆيگەن ياخشى».

ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە، بىردەمدىلا جابدۇنۇپ سىرتقا چىقتىم. نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. تېنىمدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قەتئىيلىك قېنىمنى قايناتماقتا ئىدى. مەن ئولتۇرغان كىچىك كىرا ماشىنىسى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پەلەمپەي بىلەن

بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە قاراپ ئۆرلىدىم. دىلىمدىن دەۋرىگەن غەزەپ ـ نەپرەت خۇددى پۈتۈن بىنانى كۆمپەيكۆم قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. قەدىمىمدىن تارىغان سادا، پۈتۈن بىنانى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە تاقىلدايتتى.

ئۆزۈم كۆزلىگەن نىشانغا ئاخىر يېتىپ كەلدىم. ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، بىردەم دېمىمنى ئالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتىم. ئىچكىرىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىرىڭ!

بوسۇغىدىن ئاتلاپ، ئۆز ئارا ئامانلاشقاندىن كېيىن، ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بۇ ئورۇنقى چاغلار بولسا، خېلىغىچە ئىشىك تۈۋىدە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان بولار ئىدىم.

— سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ كېلىۋېدىم.

— ھە ياخشى بوپتۇ. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— كىم بولماقچى ئىدىم؟ شەيتان قىلتىقىنىڭ قۇربانى بولىمەن.

ئالدىمدا ئولتۇرغان قاراقاش، مۇلايىم چىراي مۇنۇ ئادەم، ئۆمرىدە مېنىڭدەك غەلىتە گەپ قىلىدىغان دەۋاگەرنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز؟ . . .

مەن ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويۇپ سۆزۈمنى باشلىدىم. ئالدىمدىكى بۇ ئادەمنىڭ سەۋرچانلىقىغا مىڭ رەھمەت! ئۇنىڭغا مەن مەكتەپ ھاياتىمىزدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى ئىشقىچە بولغان جەرياننىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئاخىرىدا:

— سوتچى ئەپەندىم، سۆزۈمنىڭ بېشىدا، شەيتان قىلتىقىنىڭ قۇربانى دېگەن بىر سۆزنى قىلغانىدىم. باياتىن بېرىقى سۆزلىرىمدىن ئەزەلدىن نامرات ياشاپ كەلگەن بۇ نادان خەلقنىڭ، مال ـ دۇنيا ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر دەلىلىنى كۆرگەنسىز. ئەمدى، بۇ

شەيتان قىلتىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگۈڭىز كېلىۋاتقاندۇ؟ رەھمەتلىك ئاپام، بىر چاغلاردا، شەيتان ئادەمنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ئارىسىدا يۈرەرمىش، شۇڭا، ھەر دائىم ئادەملەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن خىلمۇخىل نەيرەڭلەرنى ئويلاپ چىقارمىش، دەيدىغان، پۇلمۇ دەل شۇ نەيرەڭلەرنىڭ بىر خىلى ئىكەن. بىلگەن ئادەم پۇلنى يولىدا ئىشلىتەلەيدىكەن. بىلمىگەن ئادەم مانا مۇشۇنداق شەيتان قىلتىقىغا ئىلىنىپ قالىدىكەن. بۇنى تەقدىر دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا، سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئوخشاشلا مەسئۇلىيىتىم بار. شۇڭا بۈگۈن، چوقۇم ياردەم قىلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئالدىڭلارغا كېلىپ قالدىم، — دەپ سۆزۈمنى تۈگەتتىم.

— بولىدۇ. سىز بىر ماتېرىيال يېزىپ كېلىڭ، بىز ئىلتىماسىڭىزغا قاراپ، بىر تەرەپ قىلىپ بېرىمىز.

— ياق، مەن ئاجرىشاي دەپ كەلمىدىم، بەختىمنى قايتا تىكلەي دەپ كەلدىم. ھوقۇق - مەنپەئەتىمنى قوغداش ئۈچۈن، ئېرىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلاي دېگىنىم يوق، پەقەت قەمەردىن ئىللىق ئائىلەمنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنىلا قايتۇرۇۋالماقچىمەن.

— ئەگەر قەمەر ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزماقچى بولساق، ئوخشاشلا ئادىل ئۈستىدىنمۇ دېلو تۇرغۇزۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەمەرنى قارىلاشقا دەلىل - ئىسپاتىڭىزمۇ تولۇق ئەمەسكەن.

— مېنى يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ دەمسىز، خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەن.

— ھوي، ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، قانۇن قەسەمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

— بولمىغاندا، بىر رازۋېدچىك ئاجرىتىپ بېرىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك تۆلەم تۆلىسەممۇ مەيلى، بۈگۈن بىر كۈنلۈك بولسىمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ، مەن سىزگە بىرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى كېلىشتۇق، ئۇلار ماڭا تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى، ئۆزلىرى ئوقتۇرىدىغان بولدى.

خۇددى ئەسىرگە باراۋەر بىلىنىدىغان كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، ئېغىر پاراۋوزدەك بەكمۇ تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. سوت ماڭا خەۋەر بەرگۈچە، ئادىل بىلەن قەمەر چەت ئەلگە چىقىپ كەتسە، قانداقمۇ قىلارمەن؟ دەپ، كېچە ـ كۈندۈز غەم يەيتتىم. توپ ـ توغرا بىر ھەپتىدىن كېيىن، سوت مەھكىمىسىدىن خەۋەر كەلدى. «دەلىل ـ ئىسپاتلار تولۇقلىنىپتۇ. بۈگۈن ئۇلار سوتقا چاقىرتىلىدىكەن.» ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلىگىنىمچە، گىرىم جازىسى ئالدىدا خېلىغىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلەتتى. بۇ خۇشاللىق يېشىممۇ ياكى قايغۇلۇق يېشىممۇ ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئۆزۈمگە سۆزلەپ، ئۆزۈمگە يىغلاپ يۈرۈپ، كۈننى ئاران كەچ قىلدىم. بىر چاغدا ئادىلنىڭ ماشىنىسى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. ئۇ ئۆڭشۈلى يوق. بىر كىچىك قارا چامادانىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشتى ھەم خۇددى ئاچچىقىنى يەردىن ئالماقچى بولغاندەك، گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە، ئۇدۇللا مەن بار ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— دۆت، كالۋا، لاي سۇ ئىچىپ ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن سەھرالىق، بايلىق ياراشمايدىغان گىرى، ئەرز قىلىپ، بېشىڭغا بالا تېرىغىچە سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭچۇ. ئۆزۈڭچە، ئەرز قىلسام بوينۇمغا تىللا مونچاق ئېسىپ قويىدۇ دېگەنمىدىڭ؟ گەپ قىل دەيمەن! — ئۇ قولىدىكى قارا چامادانىنى ساپا ئۈستىگە پوككىدە تاشلىدى ـ دە، ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى، — ھېلىغۇ سېنىڭ ئەرزىڭكەن، جانغا تاقىلىدىغان ئىش بولسىمۇ. . . ھەي نېمە دېسەم بولار ساڭا؟ بىرنى سالسامغۇ ئۆلۈپلا قالىسەن ھازىر، ھىي، — ئۇ بىگىز بارمىقى بىلەن پېشانەمگە بىرنى نوقۇپ

كەينىمگە نەچچە قەدەم داجىتىۋەتتى، — ما قاپاق كاللاڭنى ئەمدى سىلكىۋەت، پۇلى بارنىڭ گېپى ئۇتۇق بولىدىغان زامان بۇ، مەن بولمىسامچۇ قارا، سەن جېنىڭنىمۇ باقالمايسەن، بىلدىڭمۇ؟!

تىلىم خۇددى ئاغزىمنىڭ ئىچىگە بىر پارچە تاش سېلىپ قويغاندەك، كاللەك بولۇپ قالغانىدى. پۈتۈن بەدىنىمگە بىر خىل كۆيۈشۈش تارىماقتا. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. نېمە خورلۇق بۇ، نېمە خورلۇق؟!

پۇت - قولۇمنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەك بىردىنلا بوشاپ، جايىمغا لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدىم.

— جايىڭدىلا ئۆل! ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان كېسەل، ئاشۇ قىلىغىنىڭغا تازا، كۇندە قەمەرنىڭ يېنىغا كېتىمەن، — ئۇ سۆزلىگەچ، بايىقى كىچىك قارا چامادانىنى تامغا ئورناتقان مەخپىي ئىشكاپقا سېلىپ، ئاغزىنى قۇلۇپلاپ قويدى، — قەمەر سەندىن چىرايلىق، سەندىن كېلىشكەن، ئايالىم دېسەممۇ دېگۈچىلىكى بار، بىڭىسىڭ بولسا يەنە ئەرز قىل، بولمىسا موللىغا بېرىپ ئوقۇتۇۋال، ئوقۇتۇڭمۇ؟ خوش ئەمىسە! — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، ماڭا پەرۋامۇ قىلماي ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئاھ، خۇدا! ھەممە ئىش تۈگىدى. سوتچىلاردىمۇ ئۈمىد يوقكەن، ئۇلار پارا يەپتۇ. بولمىسا بۇ، بۇنچە چوڭ سۆزلىيەلمىگەن بولاتتى. ئەمدى كىمدىن مەدەت تىلەيمەن؟ خۇدا: «يارىتىش مەندىن، يارىلىنىش ئۆزۈڭدىن» دېگەنىكەن. خۇدا مېنى خۇددى ئادىل بىلەن قەمەرگە ئوخشاش ئادەم قىلىپ ھەتتا پەزىلەت جەھەتتە ئۇلاردىنمۇ ئارتۇق قىلىپ ياراتقانىكەن. يەنە مەن نېمىشقا ئادەملىكىمدىن پايدىلانمايمەن؟

مال - دۇنيا بەختنىڭ ئاساسى ئەمەس. مەنمۇ ھەم ئادىلغا مال - دۇنيا ئۈچۈن تەگكەن ئەمەس. مېنىڭچە ئەرلەر ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، تۇرمۇش لۇغىتىدە ساداقەت دەيدىغان سۆزنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇلار

پەقەت ئەقىل - پاراستى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلەنگەنىكەن. شۇڭا، ئاياللار سەۋرلىكلىكى بىلەن بۇ جەھەتتە ئەرلەردىن ئاقىلراق كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئاياللار قانچە سەۋرلىك ھەم ساداقەتمەن بولغانسېرى، ئەرلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىمۇ شۇنچە پەسلىشىپ كېتىدىكەن. ياق، ئادەم ئۆز بەختىنى ئۆزىلا يارىتالايدۇ.

مەن ئادىل ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلدىم، ھەتتا كەسپىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدىم. لېكىن ئىنسانىي قىممىتىم، ئىززەت - ھۆرمىتىم ئاللىقاچان دەپسەندە بولدى. ئوغلۇممۇ، ئاپاممۇ يوق، توۋا، بۇ دۇنيادا كىمگە تارتىشىپ يۈرۈۋاتقاندىمەن. قانداقمۇ ئۆزۈمنى ئادەم دەپ، ياشاۋاتقاندىمەن - ھە؟ بىر مۇستەقىل ئادەم تۇرۇپ، شۇنچە خورلۇق ئىچىدە، ئادىلغا يەنە قانداقمۇ ئۈمىد باغلاپ يۈرۈۋاتقاندىمەن؟ قەمەردىن نەرىم كەم ئىدىم؟ ياق، مەن ئادەم. ئادىلغا ئوخشاش ئەقىل - پاراسەت، ھېسسىيات ئىگىسىمەن. ئۇنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغۇدەك ھېچقانداق يېرىم يوق. قەمەر دېگەن بىر بۇزۇق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇمۇ شەيتاننىڭ قىلتىقى، مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ پوستىغا كىرىپ، كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ ياشمايمەن. مەندە ھايات يولۇمنى ئۆزگەرتەلىگۈدەك ئىقتىدار بار. مەن مۇنداقلا تۈگىشىپ كەتمەيمەن.

خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز كاللامغا كەلگەن بىر ئىشتىن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم. بۇ شەيتاننىڭ قىلتىقىنى كۆيدۈرۈپ، يەر يۈزىدىن بىراقلا يوقاتسامچۇ؟ «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەندەك، نامرات بولسىمۇ، ئادىل بىلەن بىللە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەرمەنمۇ؟ نېمە بولسا كارىم نېمە؟ ئىنسان بەختىنى ۋەيران قىلغان بايلىقنى كۆيدۈرۈپ، كۆل قىلىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. غەزىپىم بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. شۇ كۈنلەردىكى دەرد - ئەلەم مېنى ئاچچىقىم كەلگەندە،

كونتروللۇقۇمنى يوقىتىپ قويىدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلتۇرۇپ، ئادىلىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى قانچە باسساممۇ، ئۇنىڭ بۈگۈن كېچە قەمەرنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكى، كاللامدىن چىقماي، ئوغامنى تېخىمۇ ئۆرلەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىچۇ، تېخى!

قارچۇغۇمدەك بۇلاپ قاچتى ئۇ،
ئەقىدەمنى چەيلەپ رەھىمسىز.
ئۆلۈم كۈتۈپ ھۇۋۇلىدى يۈرەك،
ئاھلىرىدا يۇتۇلدى دېڭىز.

ئاخىرى كونترۇللۇقۇمنى يوقاتتىم. پەقەت كىيىم-كېچەكلىرىمنى يەڭگىل سەپەر سومكىسىغا قاچىلاۋاتقانلىقىملا يادىمدا. كېيىن ماشىنا قويۇش ئورنىدىن بىر تۇڭ بېنزىننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆينىڭ پۈتۈن يېرىگە چاچتىم-دە، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىر تال سەرەڭگىنى تۇتاشتۇرۇپلا، ئۆي ئىچىگە تاشلىدىم. چېچىلغان بېنزىنغا ئوت تېگىشى بىلەن لاپلا قىلىپ، يالقۇنغا ئايلاندى. ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ، ئارزۇلاپ تۇتقان ئۆي-جابدۇقلىرى، غۇرۇرۇم، ئەقىدەم دەپسەندە بولغان ھەم نەچچە يىللىق مېھرى-مۇھەببىتىم سىڭگەن ئۆي، كۆز ئالدىمدىلا كۆيمەكتە ئىدى.

كىيىم-كېچەكلىرىم سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا ئۈمىد ۋە تەشۋىش بىلەن تىكىلىپ تۇرغان، قەپەستىكى ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدۇم.

— غەم يېمە ساڭا زىيان يەتمەيدۇ.

دەرۋازىنى ئەسلىدىكىدەك قۇلۇپلاپ قويۇپ، ھەيۋەتلىك ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئۆيدىن تېز يىراقلاپ كەتتىم. ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىشى بىلەن بارا-بارا ئەتراپتا ئادەملەر كۆپەيمەكتە.

# چۈغلۈق

## 1

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى. تىك ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتىدە قىزىغان زېمىن قوشتىن چىققان ئۆكۈزدەك ئېغىر - ئېغىر تىناتتى. ۋىل - ۋىل كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالۋۇن تىنىمسىز لوغۇلدايتتى.

ئېتىز يولىنى بويلاپ مېڭىپ، يېزىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى سولاشقان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىسى تەپچىرىگەن تەنلەرنى سالقىنلىتىپ، كىشىگە بىر ئاز ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ناگان - ناگاندا يۈزلەرنى يېنىك سىيپاپ ئۆتىدىغان تىنجىق شامال قەيەرلەردىندۇر چىققان چىلە ئارىلاش ئوغۇت پۇرىقىنى دىماغلارغا ئۇراتتى.

بۇ چەت خىلۋەت يېزىغا ئېلىپ كىرىدىغان يولنىڭ ئايلانمىسىدىكى كىچىككىنە بېكەت غېرىبىنىڭ چەكمىنىدەك تولىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. قوداڭشىپ قالغان كونا ئاپتوبۇسقا بىردىن - ئىككىدىن چىقىۋاتقان يولۇچىلار ئۆزلىرىنى ئورۇندۇققا تاشلىشاتتى - دە، مۈگدەشكە باشلايتتى.

تولا ساقلاپ تاقىتى - تاق بولغان يولۇچىلار غۇدۇراشقا باشلىغاندىن كېيىن، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، تەلەتى سۈرۈن شوپۇر، كىملەرگىدۇر ئاچچىقلانغاندەك، ئىشىكنى جالاقىدا يېپىپ رولغا ئولتۇردى ۋە بېكەت سەيناسىدا تاتلىق سۇ سېتىپ ئولتۇرغانلار ھەم ئۇلارنىڭ تەلەڭگە - پەلەڭگىلىرىنى توپا ئىچىدە قالدۇرۇپ يولغا چۈشتى. پاكار - پاكار قورۇق تاملار

بىلەن قورشالغان بېكەت ۋە باغلار ئارىسىدىن ناگان ـ ناگاندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئۆيلەر بارا ـ بارا ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى.

زېرىكىشلىك ماتور ئاۋازى مۈگدەپ ئولتۇرغان يولۇچىلارنى تىنىمسىز ئەللەيلىمەكتە، يېيىلىپ ياتقان بوستان دالا خۇددى قۇياشنى باغاشلىماقچى بولغاندەك، غۇلچىنى كەڭ يايغىنىچە، سۇكۇتكە چۆمگەنىدى. قىرلاردا ئۈنۈپ قالغان سېرىق مامكاپ گۈللىرى بىلەن ئاللىقانداق چېچەكلەر كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

— چۇغلۇق گۈلى، چۇغلۇق گۈلى! تاغ گۈلى بارمىدۇ؟ مومام رەھمەتتى ھەر دائىم: «چۇغلۇق گۈلى، ئۇ شۇنداق بىر گۈلكى...» دەيتتى ـ دە، چۈشىنىكسىز غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇ زادى قانداق گۈل بولغىيتتى؟

قۇياش ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسىيىپ، كەچ كىرىشكە باشلىدى. چوغدەك تاۋلانغان شەپەق، خۇددى قىيماۋاتقاندەك، بەكمۇ تەستە يىراقلىماقتا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، بار ئاۋازى بىلەن:

— ئىھ شەپەق! سەن چۇغلۇق گۈلنى بىلەمسەن، — دەپ توۋلىغۇسى كېلىۋاتىدۇ. يەنە بىردەمدىن كېيىن، تۈن يۈلتۈز كۆزلۈك قارا رومىلىنى پۈتۈن زېمىنغا يايىدۇ. تۈن، رەھىمسىز تۈن، ئۇ قارا بولغىنى ئۈچۈن چۇغلۇق گۈلنى كۆرەلمەيدۇ...

ئاپتوبۇس ئاستا ـ ئاستا مەنزىلگە يېقىنلاشتى.

## 2

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. چۇغلۇق يېڭى مۇھىتقا خېلىلا كۆنۈپ قالدى. ئۇ تۇرۇپلا ھەيران قالاتتى. ئۆزىنى خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بالىدەك ھېس قىلاتتى. دېمىسىمۇ بۇ مەكتەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر ھايات يولى ئاچتى. ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەر مەركىزىدىن خېلىلا

يىراقتا جايلاشقان، ئاددىي، كۆرۈمسىز بۇ مەكتەپ گەرچە ئىجتىمائىي كۆچلەر ئاچقان ئالىي مەكتەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن مىسلىسىز بىر دۇنيا ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سىنىپ، ياتاق ۋە تاماقخانا يوللىرىدا پەيدا بولغاندا ئۆزىگە تىكىلگەن ئوتتەك كۆزلەر، ئۆزئارا كۇسۇرلاشلار ۋە قايرىلىپ قاراشلار ئۇنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل، سۇمباتلىق قەددىگە چۈشىنىپ بولمايدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە مەغرۇرلۇق ئاتا قىلاتتى.

بولۇپمۇ بىر كۆز، ئوتتەك بىر كۆز ئۇنىڭغا چەكسىز شادلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كۆزتەنىنىڭ تىلى. گەرچە ئۇ ئوتلۇق قاراشنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمىسىمۇ چۈغلۇققا نىسبەتەن، ئىپتىدائىي بولغان بىر خىل ئاڭ بۇ توغرىسىدا ئاللىقاچان سىگنال بېرىپ بولغانىدى. لېكىن قادىر ئاللا تېخى بۇنى شۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسىگە ئۇقتۇرمىغان ئىدى.

— چۈغلۇق، بولمامسەن، نېمانچە تۈگمىگەن پەرداز بۇ؟!

— مانا ھازىر.

ئۇ ئەينەككە يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھېچكىم قالمىغان ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى ـ دە، بىنادىن ئالدىراپ چىقتى.

دەرس باشلاندى.

كەينىگە قايرىپ تارالغان دولقۇن چاچلىرى، كەڭ پېشانىسى ۋە سوقىچاق يۈزى بىلەن قوشۇلۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ سىماسىنى نامايانده قىلغان بۇ ياش ئوقۇتقۇچى تار مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، دوسكىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا، باشقىلار يۈرگىنىڭ بارمۇ؟ دېسە، مەغرۇر ھالدا بار دېمەمدۇ كىشى. شۇغىنىسى ئوقۇتقۇچىدە بۇ. ۋاي خۇدايىمەي ماڭا نېمە قويۇپتۇ؟ تېخى يىگىرمىگىمۇ كىرمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇمۇ مېنى نېمە قىلاتتى؟ تازا بىر بەڭگىنىڭ

خىيالى بولدى بۇ! بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىمۇ دەرسنى باشلاپ بولغانىدى. كەربمە نادىر قانداقراق ئايالدۇ؟ «سامانيولى» دېگەن بۇ ئەسەر ئەجەبمۇ ياخشى ئىكەن. ئاخىرى قانداق بولار؟ قەدىردان دېگەن ماۋۇ بىر نېمىمۇ ئەجەب بىز تەرەپكىلا قاراپ سۆزلەيدىغان بولدى. بولمىسا ئوقۇغاچ ئولتۇراتتىم. ۋاي نېمە كارىم. ئۇ پۇل تېپىشنى بىلسۇن، پۇلنى دېمىسە، بىزگە دەرس سۆزلەپ نېمە قىلاتتى؟ ئۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا ۋاراقلاشقا باشلىدى.

«〈ئېھتىمال، شۇكران خانىم! خىيال بىلەن چۈشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىم جىق! مېنىڭچە، تۇرمۇش كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.〉نجات بۇ سۆزلەرنى ھاياتنىڭ يۇكى ئاستىدا ئېزىلگەن ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىكى بىلەن ئەمەس، ھاياتنىڭ ئۈستىگە چىققان قاۋۇل ئەرنىڭ تەنتەنىسى بىلەن ئېيتقانىدى. شۇكران ئۆز ھاياجانلىرىنى يوشۇرمىدى، ئىختىيارسىز:

— زۇلال، تۇرمۇشتا ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقىڭنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم! — دېدى. زۇلال ۋىللىدە قىزاردى.»

بېشىڭنى يە، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، قىزىرىپتىمىش. ئۇ قەدىردانغا قاراپ قويدى ـ دە، داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— چۈغلۈق، دەرسكە دىققەت قىلىڭ!

چۈغلۈق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. قولىدىكى كىتابمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. گەرچە بۇ سۆزلەر سىلىق ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن چاقماق چاققاندەك بىلىنگەنىدى. يۈزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئوت ئالدى. قەدىردان ئۇنىڭغا قاراپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، دەرسنى داۋاملاشتۇردى.

ئىككى سائەتلىك دەرس ۋاقتى توشۇپ، قوڭغۇراق چېلىندى. كارىدوردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قەدىردان قولىدىكى بور توزانلىرىنى قاققاچ:

— دەرستىن چۈشۈڭلار! — دېدى ۋە كىتابنى قولىغا ئېلىپ، چۈغلۈقنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ:
— باياتىن بىرى ھېكايە ئوقۇدىڭىز غۇ دەيمەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدى. چۈغلۈق قورقۇنچ ئارىلاش سىنچى كۆزلىرى بىلەن قەدىردانغا تىكىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن:
— ھەئە، — دېدى ۋە شىتىلىلىك قىلىپ، تىلىنى چىقىرىپ قويدى. ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.
— نېمىنى ئوقۇدىڭىز؟
— «سامانيولى» نى.
— كەرىمە نادىرنىڭمۇ؟
— ھەئە.
— بۇ رومان ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ھېكايە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە، بەك ياخشى كۆرىمەن، — چۈغلۈق جاۋاب بەرگەچ ئورنىدىن يۆلەنچۈككە يۆلەندى. ئۇنىڭغا ئۆزگىچە گۈزەللىك بېغىشلىغان بىر ئۆرۈم قارا چېچى مەيدىسىدىن ئېشىپ، ئېتىكىگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
— ھوي شەيتان، ھەئە دېگىنىنى قارا. ياخشى كۆرگەن ئادەم دەرس ۋاقتىدا ئوقامدىكەن؟ مېنىڭچە، بوش ۋاقتىدا ئوقۇسا، ئۇنىمۇ تېخىمۇ ياخشىغۇ دەيمەن ـ ھە؟! — قەدىردان مەنىلىك كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغىلا سىنىپتا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— ئۇ چوقۇم سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان گەپ.
— ئىشىڭنى قىل، ساڭا كۆيۈپ يۈرەمدۇ تېخى؟
— ئارىمىزدا ئاي ئولتۇرسا، يۇلتۇزغا سان نەدە؟

— شۇنى دەيمەن، يەنە كېلىپ كىم بىلمەيدۇ ئۇنىڭ چۇغلۇققىلا قاراپ سۆزلەيدىغىنىنى.

— قارىسا قارىمامدۇ، كۆزىنىڭ ئىختىيارى.

قىزلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي چاقچاقلىشاتتى. دەل شۇ ئارىدا سىرتتىن بىرىنىڭ:

— چۇغلۇق، خەت كەپتۇ، — دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا ماڭغاچ:

ئايلىناي قارا كۆز...

دەپ يوقلا بىر ناخشىنى توۋلاپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا ناھايىتى خۇش بولۇۋاتاتتى، شەھلا كۆزلىرىمۇ كۈلمەكتە ئىدى.

ئۇ سىرتقا چىقىشىغىلا بىر توپ قىز ئۇنى ئورىۋالدى.

— ۋاھ زۇليار! نېمانداق چىرايلىق ئىسىم بۇ! كىم ئۇ، چۇغلۇق؟

— مېنىڭ ساۋاقدىشىم، — ئۇ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى يىرتقاچ ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى، — شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ.

— پاھ كاساپەت، ئەجەپ تەلەيلىك ئىكەنسەن!

— كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەن؟ ئۆزىمۇ پەيزى بار يىگىت ئۇ، خالىساڭ تونۇشتۇرۇپ قوياي.

— شۇنداق قىلە ئاداش، ئايلىنىپ كېتەي سەندىن.

— ماڭەچۇ؟

بۇ بىر توپ كۆلگۈنچەك قىزلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى مەيداننى بىر ئالدى.

## 3

يېڭى يىل ھارپا ئاخشىمى. مەكتەپ قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن ئىدى. سوغۇقمۇ خېلى ئەدىگەن. قېتىپ قالغاندەك تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشكەندەك ئاقۇچ، سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى يىراق - يىراقلاردىن كۆزنى

چاقاتتى. كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي روجەكتىن ماراپ تۇرغان ساھىبجامالدەك ئاق قارغا پۈركەنگەن زېمىنغا قاراپ كۈلمەكتە ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەس بىلەن بېزەشكەن سىنىپلاردا رەڭگارەڭ پانۇسلار گۈڭگا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان، تانسىمۇ راسا قىزىغان ئىدى.

قاردەك ئاق يۇڭ پوپايكا ئۈستىگە ئوچۇق قىزىل ساراپان كىيىۋالغان چۇغلۇق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. بۈگۈن ئۇ چېچىنى بوشلا قويۇۋەتكەن ئىدى. تېقىمىغا قەدەر يېيىلىپ تۇرغان قاپقارا قۇندۇز چاچلار ئۇ ھەربىر پىرقىرىغاندا، يەڭگىل يەلپۈنۈپ ھەريان تاشلىناتتى. قىسقا دەم ئېلىشتىن كېيىن، مۇزىكا ئەڭ شوخ پەدىدە ياڭراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ھەممەيلەننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، قەدىردان بىلەن چۇغلۇق تانسىغا چۈشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەستايىدىل، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ماسلاشقان ئىدىكى، چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ ھەربىر ئۇدارىغا ئەگىشىپ ئېلىنىۋاتقان يەڭگىل قەدەملەر خۇددى ساز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. چۇغلۇقنىڭ قىزارغان يۈزلىرى چىراغ نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ قالاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياتنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىغا چۆمگەن ئاجايىپ گۈزەل بىر سىمفونىيىنى ئورۇندىماقتا ئىدى. ساز تۈگىشى بىلەن چۇغلۇق ئورنىغا قايتىپ كېلىپلا:

— خەمىدە، بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىمەن. جۈرە بىردەم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى! — دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ خۇددى ئەنسىز دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكى سىرتقا چىقىپ كېتىدىغاندەك، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ مەيدىسىگە قويۇۋالغانىدى. غوللىرىمۇ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇراتتى.

— جۈرە.

مەكتەپ مەيدانىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە جۈپ ـ جۈپ سايىلەر

غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاينىڭ قار يۈزىدىن قايتقان نۇرى كۆزلەرنى چاقاتتى. ئالدىرىماي تاشلىنىۋاتقان قەدەمگە ئەگىشىپ، قارنىڭ غىرىس ـ غىرىس قىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— ئاھ خەمىدە، نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە! قارا ئاينىڭ گۈزەللىكىگە.

— سەن ئايدىنمۇ گۈزەلغۇ؟!

— تەبىئەت گۈزەل، شۇڭا بىزمۇ گۈزەل. سېنىڭ مۇشۇ ئويماقتەك لەۋلىرىڭنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن... جېنىم دوستۇم، شۇ تاپتا شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەنكى، بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىغۇم، ناخشا ئېيتقۇم، سەكرەپ ـ تاقلاپ، قىيغىتىپ يۈگۈرگۈم، ئاپئاق قار ئۈستىدە ھارغىچە دومىلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — ئۇ قوللىرىنى ھەريان پۇلاڭلىتاتتى. كۆكتىكى تولۇن ئاي ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان، شادىمان شوخلۇقىنىڭ تەپتىدە سېھىرلەنگەن كۆزلىرىدىن ئەكسىنى تاپقاندى.

— ھەي سەھەرلىق ياۋايى، يەنە تەنتەكلىكىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ ـ دە، سېنىڭ.

— ھاھ... ھا... — چۇغلۇق بوش توۋلاپ قويدى ـ دە، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

قوۋزاق يېرىپ چىقماي تۇرۇپ پوتلا تېخى،
قانداق قىلىپ چېچەك ئاچتى ئۆرۈك شېخى؟
قار بېغىغا ئايلىنىپتۇ بۇ كائىنات،
توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ قونغاچ ئاق قۇ پېيى.

— پاھ كاساپەت، شائىر ئىكەنسەنغۇ، بىلمەي يۈرۈپتىمىز ـ ھە؟

— ھا... ھا... ھا...

جاراڭلاپ چىققان كۈلكە ساداسى تۈن بوشلۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تۈتەكتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان سامان يولىغا ئۇچۇپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

## 4

ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدىغان قائىدىسى بار. بۇ يىل تەكلىپ قىلىنمىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، قەدىردان مەكتەپكە كەلمىدى. ھەر قېتىم ئۇ توغرىلىق پاراڭ بولغاندا، چوغلۇق شوخلۇق بىلەن:

— بولىدىغان يىگىت ئىدى ئۇ، — دەپ چاقچاق قىلاتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپلا كەتكەن بولسىغۇ تەقدىرمۇ كېيىن ئۇنىڭغا ئۇنچە رەھىمسىز چاقچاق قىلماس ئىدى. بىراق ھېلىقى بىر يەكشەنبە...

سەھەردىن باشلاپلا ھاۋا ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. سۇررەڭ بۇلۇتلار بار - بارا يېيىلىپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىغا تېخىمۇ سوغۇق تۈس بەردى. جۇدۇندىن ئالدىن دېرەك بېرىدىغان سوغۇق شامال تۇرۇپ - تۇرۇپ ھۇشقىتىپ قوياتتى. كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق تېخىمۇ ئەدىدى.

چوغلۇق چوڭ ئايلانمىدىن ئۆتۈپ، مەكتەپكە بارىدىغان يولغا ئەگىلدى.

— ئاپئاق قىز، كەچ قاپسىز، ئاپىرىپ قويايمۇ؟

ئۇزۇن بۇرۇت قويۇۋالغان ئورۇق، ئېگىز، قارامتۇل كەلگەن بىر يىگىت خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— رەھمەت دېدىمغۇ. ئەجەبمۇ خىجىل بولمايدىكەنسىز. خەق سوغۇقتا ئۆلەي دەۋاتسا نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ بۇ؟ — چوغلۇق

ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يولىغا مېڭىۋەردى.

— ئۇكاموي، ئادەم ئېتىپ كەينىڭىزگە كىرىپ قويساق، بىزنى لالما كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟ قىز بالا دېگەنغۇ كوچىدا ساماندەك، ئەمدى شۇ...

— چۇغلۇق! — غايىبتىن كەلگەندەك چىققان بۇ ئاۋاز چۇغلۇقنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، — قايتتىڭىزمۇ؟

— ھوي، قەدىردان! — چۇغلۇقمۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. قانداقتۇر بىر جاسارەتتە ئۇنى «قەدىردان» دەپ ئاتىۋەتكىنىنىمۇ ئۆزى تۇيمايلا قالدى.

— ھە، بۇ ساۋاقدىشىڭىزمۇ؟

— بۇ... — چۇغلۇق نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

«ياق» دەي دېسە، ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى لەت قىلغۇسى كەلمىدى. «ھەئە» دەي دېسە، يەنە بالاغا قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ ئارىلىقتا قەدىردان ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ناتونۇش يىگىتكە قول ئۇزاتتى.

— ياخشىمۇ سەن؟ ئىسمىم قەدىردان، تونۇشۇپ قويايلى!

— بۇ... بۇ... — يىگىت تارتىنىپراق قول ئۇزاتتى ۋە ئارانلا، — ئەدەپسىزلىك بوپتۇ، كەچۈرۈڭلار، — دېدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

چۇغلۇقنىڭ شۇنداق كۈلگۈسى كەلدىكى، ئاخىرى ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى. قەدىردانمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاجايىپ قىزىق ئىش بولدى بۇ!

— قارىسام قاپاقلىرىڭىز چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەقىچان كەينىڭىزگە كىرىۋالغان نېمە بۇ، دەپ ئويلىدىم ـ دە، نېمە بولسا بولسۇن دەپلا كەلگەنىدىم.

— ئۇ سىزدىن چىك چىقىپ گۆلەيگەن بولسا، قانداق قىلاتتىڭىز؟

— بۇ مېنىڭ يۈرگىنىم دەيتتىم ـ دە، شۇ.

— ۋيەي. . . — چۇغلۇق ئوتتەك قىزارغان يۈزلىرىنى چەتكە ئېلىپ كۇلۇپلا قويدى. قەدىردانمۇ گەپنى ئىتتىكلا يۆتكەپ:

— نەگە بېرىپ شۇنچە كەچ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. تاماق يەپ كەت، دەپ تۇتۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن كەچ قالدىم، يا كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ ئۇچرىمىدى. . .

— شۇنىڭ بىلەن بايىقى رودىپايغا ئۇچراپ قالدىم دەڭ.

ئۇلار بۇ قېتىممۇ يەنە قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىشتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچەيلەن ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كەچ قالماڭ. جەمئىيەتتە قالايمىقان ئادەملەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزدەك بىر چىرايلىق قىز كوچىدا يالغۇز يۈرسە. . . ھېلىمۇ خەق ئىنساپلىق ئىكەن.

قەدىردان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چۇغلۇقنى سىن نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى. قارامتۇل ئەت رەڭ، ئۇزۇن، تار يوپكا ئۈستىدىن ئەڭ يېڭى مودىدا تىكىلگەن توق قىزىل سوكنۇ چاپان كىيگەن چۇغلۇق بىر قارىماققا يېزىلىق قىزلارغا ئەمەس، باي ئائىلىنىڭ شەھەردە ئۆسكەن ئەركە قىزىغا ئوخشايتتى. ئەتراپىغا سۇس گىرىم قىلىنۋالغان چوڭ ـ چوڭ شەھلا كۆزلىرى خۇددى تەلپۈنگەن بوۋاق بالىنىڭ كۆزىدەك تىنىق، بىغۇبار ۋە ئويناق ئىدى. ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان نازۇككىنە بۇرنى، ئالۇچىدەك لەۋلىرى، سوغۇقتا قىزارغان ئانار دەك يۇپيۇمىلاق يۈزلىرى، زىبا قەددى ـ قامىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ كەلگەن يارىشىملىق كىيىملىرى ئۇنى بىر كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمدە: ئىسىت!

مۇشۇنداق بىر گۇلنى نېمىشقىمۇ شۇ چەت يېزىدا ئېچىلدۇرغاندۇ؟ دېگەن ئويىنى پەيدا قىلاتتى. بىلگەنلەر: «بەلكى ئاللا ئۇنى يامان كۆزدىن ساقىت قىلماقچىدۇر؟» دېيىشى مۇمكىن، ئىشقىلىپ، ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئىچى كۆيەتتى.

— بۇگۇنغۇ سىزنى مەن ئاپىرىپ قويارمەن، بۇندىن كېيىن كەچ قالسىڭىز كىممۇ ئاپىرىپ قويار؟

— ۋيەي، نېمە دەۋاتىسىز، قەدىردان مۇئەللىم!

— بولدى قەدىردان دەۋېرىڭ، بايىمۇ شۇنداق ئاتىدىڭىزغۇ؟

— ئۇ دېگەن بايا...

— قىزىقكەنسىز، ھەقىقەتەن قىزىق. ھە، بايىقى گېپىمگە جاۋاب بەرمەيسىزغۇ؟

— ھازىرچە ئۇلارنى ئويلاشقا بالدۇرمىكىن؟

— ياق، ئانچە بالدۇر ئەمەس، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭىز؟

— يىگىرمىگە.

— مانا ئەمەسمۇ. مەندىن پەقەت بەش ياش كىچىككەنسىز.

شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى جىملىق ئۇزاققا سوزۇلدى، ئۇلار شۇ مېڭىشىدا مەكتەپ ئالدىغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى.

— رەھمەت سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— ياق، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ھە راست، ئويۇن قويىدىكەن، ئاپارساق بارامسىلەر؟

— قاچان؟ — چۇغلۇق ئىختىيارسىز تولۇقلىۋەتتى.

— ھوي ئاستىراق! — قەدىردان كۇلۇپ كەتتى، — ئەتە، ئاپتونوم رايون بويىچە تاللانغان ئارتىسلار ئىكەن.

— رەھمەت، بۇگۇن ئاۋارە قىلغىنىممۇ يېتەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەكتەپنىڭ توزۇمىمۇ چىڭىپ قالدى. كەچتە سىرتلارغا چىقىشقا يول قويمايدۇ.

— چىقمىسىڭىزلا دېسەڭلار، ئۇزىمىز ئورۇنلاشتۇرىمىز، — قەدىردان ئىشەنچ بىلەن چۇغلۇقنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— ماقۇل، چىقايلى. خوش ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن!

— خوش. بىر دوستىڭىزنى ئېلىپ چىقىسىزغۇ ـ ھە؟

— ئەلۋەتتە، — بۇ ئاۋاز قەدىردانغا غۇۋا ئاڭلاندى. بۇ چاغدا چۇغلۇقمۇ خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى.

## 5

شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى يىلىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا قەدىردان بىلەن چۇغلۇق ئارىلىشىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر كۆچۈپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چۇغلۇقنى ئېگىز بوي، بۇدۇر چاچ، ئانچە چىرايلىق دېگىلى بولمىسىمۇ، يامان ئەمەس بىر قىز ئىزدەپ كەلدى.

— سىز بىلەن پاراڭلاشقىلى كېلىۋېدىم.

— مەن بىلەن؟ نېمىشقا؟

— قەدىردان توغرىلىق.

— قەدىردان! ھە. . . — نېمىشقىدۇر چوغلۇقنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، — ئەمىسە ياتاققا كىرەيلى!

— ئەپسىز بولماس؟

— ياقەي، ھېچكىم يوق.

ياتاق ئىچى پاكىز تازىلانغان، كارىۋاتلارغا ئاپئاق پىراستىنلار تارتىلغان ئىدى، ھەر كىم ئۆز كارىۋىتىنى كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ۋە رەسىملىك كالېندارلار بىلەن بېزىگەن ئىدى. بايىقى قىز ياتاق ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن پاھ، خېلى ئىشقى بار قىزلارمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدە يۇيۇلمىغان بىرنەچچە چىنە قالايمىقان تۇراتتى. چۇغلۇق «كەچۈرۈڭ» دېگەندەك قىلىپ قىزغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋەتتى.

— بىر ياتاقتا سەككىز قىز ياتىدىكەنسىلەردە؟

— ھەئە.

— يېقىن دوستىڭىز بارمۇ؟

— بار، بىراق ئۇ مەن بىلەن بىر يەردىن ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى. شۇڭلاشقىمىكىن ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، — چۇغلۇق گەپ قىلغاچ ناتونۇش قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قەدىردانىمۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا ياخشى كۆرىدىكەنسىز ـ دە؟ — قىز كۈلۈپ تۇرسىمۇ، سۆزىگە تەنە ئارىلاشقانىدى.

— سىز؟ . . . — چۇغلۇق تەئەججۇپ بىلەن قىزنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزگەچ: سېرىق دېگەننىڭ ئىچى يامان بولىدۇ دېيىشىدىغان، راستمۇ نېمە؟ ھە دېمەيلا زىتىمغا تەگكىلى تۇردىغۇ بۇ، نېمە مەقسەتتە كەلدىكىن تېخى؟ دەپ ئويلىدى، چىرايىدىكى ئۇياتچان كۈلكە ئۆچۈپ، كۆز جىيەكلىرى ۋە لەۋلىرى ئەتراپىدا سوغۇق كۈلكە ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

— راست دەيسىز. قەدىردان ئوبدان يىگىت.

— سىز شۇنداق قارامسىز؟

— ئەلۋەتتە! — بۇ سۆز ئىنتايىن ئۇرغۇلۇق ئېيتىلدى. چۇغلۇق قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، خۇددى ئاپئاق پۈتلىرىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك، ئالدىغا سوزۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەمىسە ئۇنىڭ تارىخىنى ئاڭلىغۇڭىز يوقكەنىدە؟

— تارىخ دېگەندىن مەنىمۇ خالىي ئەمەس، شۇڭا باشقىلارنىڭكىگە ئانچە قىزىقمايمەن.

— بىراق مەن قىزىقىمەن. . . ئىلگىرى ئۇ مەن بىلەن ئارىلاشقان، يەنە كېلىپ ئالتە يىل دەڭە. ئەمدى بۇ يۈزۈمنى خەقنىڭ ئالدىدا قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟

— شۇڭلاشقا مەن ئايرىلىپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولمىسا مەن ئەرز قىلمەن.
— شۇنداقمۇ تېخى؟ كاللىڭىز ئېزىپ قالمىغاندۇ؟ سىزگە دەپ قويا، قانۇن مۇھەببەتنى قوغدىمايدۇ!
— ھىم، مەنلا بولىدىكەنمەن قەدىردانىنى مەن تارتىۋالىمەن، دەپ خام خىيال قىلماڭ. خۇدايىم توۋا، خەق بۇ مەكتەپنىڭ قىزلىرىنى يامان دېسە، ئىشەنمەي يۈرۈپتىمەن، راستمۇ نېمە؟
— نېمە داۋاتىسىز؟ ھەرقانچە بولارمىز، سىزچىلىك ئەمەستۇ؟
— بۇ يەرگە ساپ خەقنىڭ مۇھەببىتىنى بۇزغىلى كېلىشكەنمىدىڭ؟!
چۇغلۇق ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە زورمۇزور قارىشىپ تۇراتتى.
— پەرىزىمچە، سىز بۇ يىل كەم دېگەندە 25 ياشقا كىرگەنسىز. گەرچە مەن سىزدىن تۆت - بەش ياش كىچىك بولساممۇ، خېلى ئەقىللىق ئىكەنمەن. مۇھەببەت دېگەن ئەلۋەتتە مۇھەببەت. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەر - ئاياللىق تۇرمۇش ئەمەس. ھەرقانچە يامان بولساممۇ، بۇنى چۈشەنگۈچىلىكىم، ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى ساقلىغۇچىلىكىم بار...
— نېمە؟ سىز تېخى...
— گېپىمنى بۆلمەڭ، — چۇغلۇقنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ئىدى. ئالدىدىكى چەكچىيىپ تۇرغان، ھارغىن چىراي، ئەسەبىي قىزغا قارىغانسېرى غەزىپىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى، — ئۆزىڭىزنى ئاقلىماقچىمۇ سىز؟ قايسى يۈزىڭىز بىلەن؟ قىز بالا ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن گۈزەل. گۈزەللىكىڭىزنى شۇنداق يوقاتقانىكەنسىز، سىزنىڭ قىممىتىڭىز بولامدۇ؟
— سەن...
— قولۇڭنى ئادەمگە شىلتىمە، چىقە ياتاقتىن. بۇ يەرگە

مەن بىلەن مەنپەئەت تالاشقىلى كەلگەنمىدىڭ؟ گەرچە شەھەرلىك بولسىڭمۇ، مەن ئۆزۈمنى ساڭا تەڭ قىلمايمەن. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم نېمىتى؟ ئەنە قەدىردانىمۇ كوچىدا يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۇنىسا ئېلىپ كەت. بولمىسا كۆزۈمدىن يوقال! ئىككىنچى ئالدىمغا دەسسىگۈچى بولما!

يېزىدا بەردەم چوڭ بولغان چۈغلۈق قىزنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئىشىكتىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. قىزنىڭ قارشىلىق قىلىپ ئىشلىتىلگەن قوللىرى ئۆزى بىلەن بىللە ھاۋادا پۇلاڭلىغىنىچە، ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدى. چۈغلۈقنىڭ قولىقىدا قالغىنى:

— پاسكىنا، بۇزۇق! — دېگەن سەت، چىرقىراق ئاۋاز بولدى. ياتاقتىكىلەر دەرستىن چۈشۈپ كىرگەندە، چۈغلۈق ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ ياتاتتى.

— نېمە بولدۇڭ، چۈغلۈق؟

— نېمە بولدۇڭ، يىغلاۋەرمەي دېمەمسەن؟

بېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغان خەمىدە قولىدىكى كىتابلىرىنى ئاچچىق بىلەن كارىۋات ئۈستىگە پاققىدە قىلىپ تاشلىدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كارىۋاتلىرىدا چۈغلۈقنىڭ تىنىمسىز تىترەۋاتقان گەۋدىسىگە قارىغىنىچە ئولتۇراتتى.

— ماڭا بۇگۇن نەدىن بولمىسۇن، قەدىردان دېگەن نېمىنى تېپىشىپ بەر ئاداش! — چۈغلۈق ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، خەمىدەنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— نېمە قىلاتتىڭ؟

— جېنىم ئاداش، بۇنى سورىما.

— نەدىنمۇ تاپارمەن؟

— قىلغان ئەڭ چوڭ ياردىمىڭ بولۇپ قالسۇن!

كەڭ پېشانىسى، يېپىلاڭغۇ قاشلىرى ئاستىدىكى بادام قاپاقلىرى ۋە كۆزلىرىدىن تەرسا مىجەزلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ

تۇرغان خەمىدە چۈغلۈقنىڭ ئەلەم - ھەسرەت يىغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، تېخى ئەتىگەندىلا تۇجۇپىلەپ قىلغان گىرىم مەينەت قىلىنۋەتكەن سۆزۈك، چىرايلىق يۈزلىرىگە، دائىم شوخ تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان لەۋلىرىدىكى ئازار ئارىلاش ئۈمچىيىشكە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭقۇر تىنىپ قويدى ۋە قولياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

— ئەلۋەتتە، ساڭا ياردەم ئەمەس، ھەتتا جان كېرەك بولسىمۇ ئايىمايمەن، دوستۇم، بىراق سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋال، نېمە ئىش بولغىنىنى ماڭا دە، بۇ ئەلپازىڭدا ئىشنى خېلى بۇزىدىغاندەك تۇرىسەن، ئاۋۋال ئۆزىمىز ئوبدانراق ئويلىشىپ باقساق قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— يەنىلا مەندىن سەن ياخشى. بىراق ئۆزۈمنى پەقەتلا باسالمايۋاتىمەن.

— جۈرە ئەمىسە، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى!

6 - ئاي مەزگىلى بولغاچقىمۇ، تەبىئەت تازا ۋايىغا يېتىپ باراقسانلاشقانىدى. تۈپتۈز ئاسفالت يول ئۇدۇل شىپاڭغا — گۈل ۋە مەجنۇنتاللار بىلەن پۈركەنگەن رىشاتكىلىق بۇكلۇككە باشلاپ باراتتى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. غەربكە قىيىلىپ كېتىۋاتقان قۇياش پاك ۋە غۇبارسىز نۇر - ھارارىتىنى سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. شىپاڭ ئۈستىگە يېيىتىلغان كاھىشلارنىڭ قايسىبىر بۇرجەكلىرى غىل - پال پارقىراپ قالاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىۋاتقان شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ نازۇك ياپراقلىرى ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆزنى چاقاتتى.

— تەبىئەت نېمىدېگەن پاكىز. قۇياش نۇرلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنىمۇ يورۇتۇۋېتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالسىچۇ، ئىسىت!

— ئاداش، ھەممىلا نەرسىنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— دېگىنىڭغۇ توغرا، بىراق بىز بۇ يەرگە ئوقۇش، ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدۇق. بۇ مەكتەپ مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپ ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدەك يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ. نېمىشقا جەمئىيەت بۇنىڭغا توغرا قارىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەنسىتمىگەندەك قارىغىنىنى سېزىپ قالىمەن. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگىنىمىز بىزنىڭ يارىماس ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلامدۇ؟

— بۇنى مەنمۇ بەزى چاغدا ھېس قىلىپ قالىمەن.

— ھازىر جەمئىيەت ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا ئەمەس، دىپلومغا قاراۋاتىدۇ. خەپ، شۇنداقمۇ بىر كۈنلەر كېلەر، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ دۆت ئەمەسلىكىمىزنى خەققە تونۇتۇپ قويارمىز ـ ھە؟

— بولدى قوي، كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلمايلى! بۇنچە ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرساق كېيىن تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا قانداق بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟ ئادەم دېگەن قەيسەررەك بولغىنى ياخشى، مېنىڭچە، بىز ئۈچۈن ئاپىرىدە بولۇۋاتقان ھەربىر مىنۇتمۇ غەنىيمەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئاللاغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك. سەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چۇغلۇق بولساڭچۇ!

چۇغلۇق پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— سەن بار يەردە غەم تارتقىلى بولامدۇ؟ دېمەيدىغان گېپىڭ بولمىسا يا!

— ھە، مۇنداق قىل، كۈلە، يەنە كۈلە! — خەمىدە چۇغلۇققا قاراپ شېتىللىك قىلاتتى. ئۇلار قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. يېقىن ئەتراپتىكى بىر توپ قۇش ئۈركۈپ چىقىپ، پۇررىدە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

# 6

— قەدىردان، ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر قىز بالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كېرەكتى. قىز بالا دېگەن ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. سۇ تېگىپ كەتسىمۇ داغ بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. دېغى بار قەغەزگە ھېچكىمنىڭ سالام خەت يازغۇسى كەلمەيدىغۇ؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ. ئۇ دېگەن ئىلگىرىكى ئىشلار. لېكىن ئوتتۇرىمىزدا ئۇ ئېيتقاندەك ئاللىقانداق مۇناسىۋەت يوق. . . ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم ئىدى. ھەر ئادەمنىڭ تۇنجى قېتىم سۆيگۈنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمايدۇ. بىراق ئۇ قەلبىمدە قالدۇرۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەممۇ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمايدۇ. . . ئۇ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەن بەش يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا بۇ مۇھەببىتىمىزگە نىسبەتەن بىر قېتىممۇ ساختىلىق قىلغىنىم يوق. ئۇچۇ؟ — قەدىردان ئۆزى يۆلىنىپ تۇرغان دەرەخنىڭ قىيپاش ئۆسكەن غولىدىن ئىنچىكە بىر شاخنى ئاچچىق بىلەن يۇلۇپ ئالدى، — ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن، توقۇمىچىلىقتا ئىشلەپ قالغانىدى. مەن يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈپتۇ. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ خۇينى تاشلىمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ دادىسى شەھەر باشلىقى بولغانىدى. ھە دېسىلا دادىسىنى پەش قىلىپ غورۇرۇم بىلەن ئوينىشىدىغان بولۇۋالدى. كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتىم. مانا ھازىر تەسەۋۋۇرۇمدا ئىزدەپ يۈرگەن قىزنى ئاخىر تاپتىم. ئۇنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببىتى ئىنتايىن قىزغىن. يەنە كېلىپ قانداق ياشاشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىر مىنۇتىمۇ مەن ئۈچۈن ئاجايىپ مەنىلىك تۇيۇلىدۇ. . . مەن جىملىقنى ياقتۇرمايمەن. گۈزەللىكنى سۆيىمەن. تۇرمۇشۇمدا

لاتاپەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ئائىلە ئايالى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە تۇرمۇشتىن لەززەت ئالالايدىغان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كۈلدۈرەلەيدىغان ئايال بولۇشى كېرەك. ئۆمۈر دېگەن بىزگە بەخشەندە ئەمەس. ئويلاپ بېقىڭ، توختام سۇنىڭ مەززىسى يوق، كىم ئېقىن سۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ دېمەك، سىز بۇ ئۆزگىچە مىجەزىڭىز بىلەن ئېقىن سۇدىن چاچراپ چىققان شوخ تامچىدەك قەلبىمگە بۆسۈپ كىردىڭىز. . . سىز شۇنچىلىك ھېسسىياتچان بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇشنى بىلىسىز. باشقىلارنى سۆيەلەيسىز ھەم سۆيدۈرەلەيسىز. مانا بۇ سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىڭىز.

— بىراق قەدىردان، بەزى چاغدا تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ئادەمنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇش قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەچكە شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ؟ بەزى چاغلاردا قەلبىمىز ئۆزىمىزدىن نېمىنىدۇر تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بەك قىينىلىپ كېتىمىز. ئۇمۇ خۇددى شۇنداق بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېنىدا سىز يوق. سىز دېگەن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى - دە! يەنە كېلىپ ئۇ چاغلاردا يېشىمۇ كىچىك تۇرسا. ئاتا - ئانىدىن پەخىرلىنىش بارلىق باللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىغۇ؟ ھەي بىچارە، ئاستا - ئاستا تەسىر سىڭدۇرۇپ ئۆزگەرتىۋالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ ھېلىقى كۈنى تازا بىشەملىك قىلدىممۇ - نېمە؟

— بولدى، بولدى، مېنىڭ چىرايلىق پەيلاسوپۇم، — قەدىردان چۇغلۇققا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قېشىنى ھىمىرىپ قويۇپ، — سىزمۇ كىچىكقۇ، كىچىك بولغىنىڭىز بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىسىزغۇ، — دېدى.

— بۇمۇ سىزنىڭ تەسىرىڭىز ھەقاچان؟ — چۇغلۇق قەدىردانغا ناز بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— شەيتان! — قەدىردان چۈغلۈقنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، — بولدى ئەمدى ئارتۇق سۆزلىمەڭ، مەنمۇ ئاڭلىمايمەن. سىز ھاياتىمنىڭ بىر بۆلىكى، قەلبىمنىڭ دىلئارامى، ياشلىق بېغىمنىڭ بۇلبۇلى. مەن سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن، ئادەمدەك ياشىيالمايمەن.

— قەدىردان! — چۈغلۈق بوش پىچىرلاپ قەدىرداننىڭ قويۇق كىرپىكلىك ئوتتەك كۆزلىرىگە تىكىلدى.

تەبىئەت شۇنداق گۈزەل. قويۇق دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇغان قۇياش نۇرى بۇ بىر جۈپ ياشقا كۆز قىسىشقاندەك غىل — پال سايە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قۇشلارنىڭ چاڭىلداشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. شەھەر چېتىگە جايلاشقان بۇ ئارامگاھ ئارىلاپ - ئارىلاپ شەھەردىكى قايناق تۇرمۇشنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە ئەكس سادا قايتۇراتتى.

## 7

شەھەرلىك قاتناش بېكىتىنىڭ كۈتۈش زالى شامالدۇرغۇچنىڭ بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئاپتوبۇسلار قاتىرىسىغا توختىتىلۋېتىلگەن مەيدان خۇددى تونۇردەك كۆرۈنەتتى. يېقىنلا يەردە بىر ئادەم ئاپتوبۇس ئۈستىگە يۈك بېسىۋاتاتتى. تۆۋەندە تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەرسە - كېرەك ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەمگە بىرى سوقۇلۇپ كېتىۋېدى، نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللاپ كەتتى.

— بىچارىلەر، دۈمبىلىرى تەرلەپ كىيىملىرىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ، — زالنىڭ دېرىزىسىگە يۆلىنىپ تۇرغان قەدىردان چۈغلۈقنىڭ گېپىنى بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىرتقا قاراپ قويدى.

— ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، چۈغلۈق!

— ھىم، — چۈغلۈق مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ تۇرۇۋەردى. كۆز ۋە لەۋلىرى ئەتراپىدا سۇس

كۆلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— مېنى ئۆيدىكىلەر ئالدىرىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. كەينىڭىزدىنلا ئەلچى چىقىشى مۇمكىن. ئۆيدىكىلەر تويىنى بۇ يىل يازدىلا قىلىۋېتەيلى، دەيدۇ.

— مېنىڭ يەنە بىر يىللىق ئوقۇشۇم بار تۇرسا؟

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئوقۇۋاتقىنىڭىز مۇتىزىم ئالىي مەكتەپ ئەمەس. ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ بىرى. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، توي قىلىشىمىز چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

— مېنىڭ خىزمىتىم بولمىسا، يەنە كېلىپ ئوقۇۋاتقان تۇرسام، تويدىن كېيىن سىزگە ئېغىر چۈشمەمدۇ؟ — چوغلۇق قەدىردانغا سوئال بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ئېغىر كەلسىمۇ ناھايىتى بىر يىلغۇ، ئۆزىڭىزمۇ ياتاقتا يېتىپ قىينىلىپ قېلىۋاتىسىز...

— ئاپتوبۇس كەپتۇ، چىقايلىمۇ؟ — چوغلۇق گەپنى بۆلۈپلا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. قەدىردان چوغلۇقنىڭ كەينىدىن نارازىلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، گەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئاپتوبۇس بىردەمدىلا توشتى. چوغلۇق ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قەدىردان بىلەن پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى. شۇندىمۇ كەيپى ئانچە جايىدا ئەمەس، بىئارام كۆرۈنەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا نېرىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىرىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئىختىيارسىز تۈۋلىۋەتتى.

— ۋېيەي، زۆلىيار، سىزمىدىڭىز؟ نېمە قاراپ تۇرىسىز؟ مېڭىڭە، كېتىمىز.

زۆلىيار كۈلۈپ كېتىپ، سەل ئەيمىنىش بىلەن ئاپتوبۇسقا يېقىن كەلدى ۋە قەدىردان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، چوغلۇققا قاراپ:

— ياخشىمۇسىز، ئۆيگە قايتتىڭىزمۇ؟ — دېدى.
— ھەئە، سىزمۇ قايتقانسىز؟
— مەنمۇ قايتقان، بىراق تېخى بىلەت ئالمىدىم.
— ۋاي مۇشۇنىڭغا چىقىشۇپرىكە، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ كېتىمىز، — چۇغلۇق چاقچاق قىلىپ بىر كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.
— مەيلى، بولمىسا شۇنداق قىلاي.
زۇلپار ئېگىز بويلۇق، خۇددى قىزلارغا ئوخشاش نازۇككىنە يىگىت ئىدى. پېشانىسىگە قالايمىقان يېيىلغان چاچلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى ئاستىدىكى سەل - پەل قىسىلغان كۆزلىرى ناھايىتى شوخ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەڭگىل سەپەر سومكىسى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئاپتوبۇسقا لىككىدە سەكرەپ چىقتى - دە، چۇغلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى ۋە ھە دېمەيلا ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. گەپ ئارىلىقىدا، قانداقتۇر بىر بۇغا ئاۋازىنى ئەسلىتىپ، كۈلۈشۈپ كەتتى. سىرتتىن قاراپ تۇرغان قەدىردان ئۆزىنى خۇددى ئارتۇق ئادەمدەك ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىپ قالغۇدەك يەرگە يېتىۋاتاتتى. كۆڭلىمۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، چۇغلۇققا نىسبەتەن كۆندەشلىك ئارىلاشقان قاتتىق نارازىلىق غەلىيان كۆتۈرمەكتە ئىدى. ھەي ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىزە. . . ئاپتوبۇس قوزغالدى. چۇغلۇق ئېرەنسىز، قەدىردان سوغۇققلا خەيرلەشتى.

## 8

كوچىدا بىر توپ بالا بىلەن قولىنى بىلىكىگە كەلگۈچە لايغا تىقىپ ئوينىۋاتقان نىجات چۇغلۇقنى كۆرۈپلا ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى.

— چوڭ ئاپا، چوغلوق ھەدەم كەلدى.

يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ھاڭغىرقاي تۇراتتى. ئۆيدىن نىجاتقا ئەگىشىپ 28 ياشلار چامىسىدىكى ئاق سۇزۇك، چىرايلىققىنا كەلگەن يەڭگىسى بىلەن ئوتتۇرىسى سەل ئۆڭۈپ قالغان ھاۋارەڭ ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان ئاپىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئاپا!

— جېنىم بالام! كۆزۈمنىڭ قارىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، يېنىپ كەلدىڭمۇ، بالام؟ — ئانا چوغلوقنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ يۈم - يۈم يىغلاپ كەتتى.

— بولدى قىل ئاپا، مەن ساق يېنىپ كەلدىمغۇ؟ ھېيت - بايراملاردىمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇرىمەنغۇ. شۇنچىلىك سېغىنىپ كەتتىڭمۇ، ئاپا؟ . . . مۇشۇ ئاپامىزە، قاچانغىچە كۆنەلمەيسەنكىنتاڭ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشكىنىچە ھويلىغا كىرىپ كېتىشتى.

— دادام قېنى؟ ئىشقا كەتكەنمۇ؟ ئاكامچۇ؟

بۇ قېتىم ئانا يەنە باشقىدىن يىغا سالدى.

— بولدى قىلىڭ ئاپا، سىڭلىمىز ئەمدىلا كەلدى، ھاردۇقىنى ئېلىۋالسۇن.

— نېمە بولدى، سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە بالام، جۇر ئۆيگە! — ئانا ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ قالغان قىزىنى ئۆيگە باشلىدى.

— نېمە بولدى ئاپا؟ — چوغلوق قورققىنىدىن پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

چوغلوقنىڭ دادىسى دوختۇر ئىدى. بۇ ئائىلىدە دادىسى، ئاپىسى ۋە چوغلوقتىن باشقا ئاكىسى، يەڭگىسى بار. بۇلار بىر ئائىلىدە ئىنتايىن ئىناق ئۆتەتتى.

نېمە بولغاندۇ؟ دادىسى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتىمۇ؟ ياق، ياق، خۇدايىم ساقلىسۇن!

ھەش - پەش دېگۈچە كەچ كىردى. ئەل ئاللىقاچان ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، چۇغلۇق ئانا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. چۇغلۇقنىڭ كۆزلىرى كېڭەيگەن، قارىچۇقلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. قۇلاق تۈۋىدە بىر ئاۋاز مېھرىبان، ئاجىز ئانىسىنىڭ خۇددى دەز چىنىنىڭ ئاۋازىدەك بوش، ئازابلىق ئاۋازى تىنىمسىز ياڭرايتتى. غۇڭۇلدايتتى. «جېنىم قىزىم، داداڭنى كەچۈرگىن! ئۇ شەھەرلىك بىر ئايالغا بۇزۇلغانىكەن، مەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ قالدى...»

— ياق، ياق، ياق! — چۇغلۇق تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

بىر ئادەم ئوتتۇز يىللىق قەدىناسىنى، ھەر ۋاقىت ئۆز مېھرىگە تەشنا ئەزىز باللىرىنى، قان - تەر بەدىلىگە بەرپا قىلىپ ياشناتقان ئائىلىسىنى شۇنداقلا تاشلاپ چىقىپ كەتسە - ھە؟! بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

ئىست، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى!

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن قورۇنى تېخىمۇ ئېغىر جىمىلىق قاپلىدى. چۇغلۇق بىر مىنۇتمۇ خىيالدىن خالىي بولالمايتتى. ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى نومۇستىن كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەھرا يېرى قىيامەت دېگىنى شۇمىكىنتاڭ، ئادەتتە ئۆيدە تىرىقىدە قىلغان ئاۋاز بىردەمدىلا غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ ئاغزىغا چىقاتتى - دە، پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ داراڭلايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ دېگەن چوڭ ئىش تۇرسا، كوچىغا باش كۆتۈرۈپ چىقىش مۇمكىنمۇ ئەمدى؟ ئۇ خۇددى پۇت - قوللىرى بوشاپ

كېتىۋاتقاندەك روھسىزلىنىپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا سولىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاكىسى سودىگەر ئىدى، ئۇغۇ ئاچچىقىدا ئىچكىرىگە كېتىپلا يوقىلىپتۇ، بۇ ئىزا ـ ئاھانەتتە مەن نەگىمۇ يوقىلارمەن؟ دەپ ئويلايتتى چۇغلۇق.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي قەدىردانىنىڭ ئائىلىسىدىن ئەلچى كەلدى. ئانا:

— دۇنيادا بارى ـ يوق بىرلا قىزىم ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلۇقلىقىغا يارىشا ياخشى يەردىن ئەلچى كەپتۇ. ئەمدى شۇنىڭدىمۇ بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باقايلى! — دەپ، كەلگەن ئەلچىنى چىرايلىق يولغا سالدى. ئۇنىڭسىزمۇ «قىزى بارنىڭ نازى بار» دەپ، بىرىنچى قېتىمدىلا «ماقۇل» دەيدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ بىراق ئەلچى شۇ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ قايتا بوسۇغىغا دەسسىمىدى. چۇغلۇقنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاپىسى ئېيتقاندەك ئېقىپ كېتەيلا دېدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ياكى. . . چۇغلۇق خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپلا تۈگەشكۈسى كېلەتتى. بۇ، ئانىسىنى دەپلا ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. توۋا، بۇ دادىسىنىڭ نىمە قىلغىنىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باللىق چاغلىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتەتتى. ئۇنتۇلغۇسىز غۇۋا ئەسلىمىلەر، قاقاقلىغان كۈلكە ساداسى. . .

ئاھ! ئۇ چاغلاردا بۇ ئائىلە نەقەدەر بەختلىك ئىدى ـ ھە؟ قېنى شۇ بەخت، قېنى؟ . . .

تۆت تام ئۇنسىز باش ئېگىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، ھەممىلا يەرنى مۇڭ باسقان، ئاھ خۇدا!

غەم، خىيال، يالغۇزلۇق ۋە ئازاب ئىچىدە تەتىل ئايلىرىمۇ توشۇپ كەتتى.

چوغلۇق ئاخىرقى ئوقۇش يىلىنى ئىنتايىن كۆڭۈلسىز كۈتۈۋالدى.

كېچە. يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىدىن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان كارىۋاتتا ئىككى قىز ئاسمانغا قارىغىنىچە جىمجىت ياتاتتى.

— قارا چوغلۇق، ئاي تولۇپتۇ.

— نەدىكىنى، تېخى تولماپتۇ... كەمتۈك تۇرمامدۇ ئەنە.

ئىككىسى يەنە جىمىپ قالدى.

— بىچارە ئاي، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى مېنىڭكىدەك يېرىممۇ نېمە؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ — خەمىدە ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— مۇشۇ يېقىندىن بېرى ھەممىلا نەرسە، ھەتتا تەبىئەتمۇ ماڭا ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنىدۇ. قەلبىمدە كىچىككىنە خۇشاللىقنىڭ سايىسىمۇ يوق. خۇددى ئالەمدە كۈلكە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەكلا ھېس قىلىمەن.

— ئۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمە، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ-دە... كەلگىنىمگە بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قەدىردان دېگەن نېمە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ھىم... مېنىڭدەك بۇزۇقنىڭ قىزىنى نېمە قىلاتتى ئۇ؟

— ئۇنداق دېمە، ئاداش...

— ماڭىمۇ ئاز. ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىر نېمىلەرنى تاپقۇچە بىلىدىغاننى تاپسام بولماسمىدى؟ ھالىمغا باقماي ئېگىزگە ئېسىلغاندىن كېيىن، تازا ئوبدان بولدى... ئىسىت زۇليار!

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ-ھە؟

— ئۇنىڭدا گەپ يوق. ئۆزۈمنىڭمۇ بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا تارتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ جۈرئەتلىكرەك بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ

كۆنگە قالماس ئىدىم. . . بىز بۆرۈندىن تونۇشاتتۇق. ئۇ مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيتتى. ئىشقىلىپ يېقىن ئۆتەتتۇق. بىر - بىرىمىزنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتۇق. بەلكە بولساق كېيىمىز تۇگىمەيتتى دېگىنە. . . ئۇ بەك ياخشى، ئادەمنىڭ ھالىغىمۇ شۇنداق يېتىدۇ. . . مەن بۇ مەكتەپكە كېلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ بىزنىڭكىگە خوشلاشقىلى كەپتىكەن. ئىشىكىمىز ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئۇزاق تۇردۇق. قوشنىمىزنىڭ بىرنەچچە بۇغىسى بار ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ شۇنداق زىل ھەم يېقىملىق ئاۋازدا سوزۇپ - سوزۇپ توۋلاپ قوياتتى. بىز تولا كۈلۈپ، تېلىقىپ قالاي دېگەندۇق. ھازىر ئويلىسامىمۇ شۇنداق قىزىق تۇيۇلىدۇ. بۇنداق ئاۋاز سەھراغىلا ماس كېلىدۇ. ئاڭلىغان ۋاقتىڭدا ئاجايىپ بىر خىل خاتىرجەملىك ھەم ھۇزۇر ھېس قىلىسەن. . . شۇ چاغدا، ئۇ ماڭا: «سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى» دېگەنتى. مەن نېمە دەيمەن؟ چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپلا تۇرۇۋالغانىدىم. . . بۇ قېتىم ئۆيگە قايتقاندىمۇ ئىككىمىز بىكەتتە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بەللە كەتتۇق.

— ئۇنداق ئادەم نېمە ئالدىراپ قەدىردانىنى تاللىغان ئىدىڭ؟

— شۇنى دېمەمسەن؟ ئۇنى ياخشى كۆرۈپلا قالدىمغۇ - تاڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، زۇلىيار ئۇرۇمچىدە. كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق، دەپ ئويلاپتىمەن. ھەي، قەدىردان ئىزدىمىگەن بىلەن يەنە شۇ زۇلىيار ئىزدەپ بېرىپتىكەن، مەن چىققىلى ئۇنىمىدىم. . .

— نېمىشقا چىقمىدىڭ؟

— ئىشقىلىپ مەندە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر خىل ھېسسىيات بارغۇ تاڭ؟ . . . شۇنداققۇ دەيمەن، بىراق يەنىلا تەتىل ئايلىرىمنى شۇ بۇغىنىڭ ئاۋازىدىن تەسەللى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. . . ھېلىمۇ بۇ يەردە سەن بولۇپ قاپتىكەنسەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟ كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭ تەسەللىسى يەنىلا سەن دېگىنە. . .

چوغلۇق خەمىدەنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتتى. ئاي نۇرىدا غىل- پال كۆرۈنگەن ئىككى تامچە ياش ياستۇققا سىرغىپ چۈشۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن چوغلۇقنىڭ دەرسكە چىققۇسى كەلمەي، ياتاقتا يالغۇز قالدى، مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ خەققە كۆرۈنگۈسىمۇ يوق. خەقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن بىرمۇنچە گەپ. توۋا، گەپ دېگەن شامالدىنمۇ تېز بولىدىكەن-ھە؟... تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. قېنى مېنىڭ ئىلگىرىكى مەغرۇرلۇقۇم؟ بۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىرمۇ؟ بولمىسا بۇنچە تارتقۇلۇققا قالغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىم؟ ئاھ خۇدا!

— چوغلۇق نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ — خەمىدە تالادىن كۈلگىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى، — تۇرە ئورنۇڭدىن، پەردىزىڭنى تېز قىل، قەدىردان كەپتۇ.

— نېمە ئۇ كەلدىما؟ — چوغلۇق ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆندەرىگەندەك ياتاق ئىچىدە پىرقىراپلا قالدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، كىرىپ قالارمۇ؟

— ۋاي ھودۇقمىغىنا بولدى. مەن سىرتتا تۇرغۇزۇپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن بېرى جىمىپ كېتىۋېدىڭ، قەدىرداننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ نېمانچە قىلىسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ يۈرگىنىغۇ ئۇ. خۇددى سالامغا كىرىدىغان يېڭى كېلىندەك ھودۇقۇپلا كەتتىڭا. بولدى ئۆپكەڭنى بېسىۋال... ئۇ سېنى تۈگىشىپلا كېتىپتۇ، دېمىسۇن يەنە. بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ياسىنىپ، كۈلۈپ چىق! مەن ئۇنى گەپكە سېلىپ تۇراي- ھە! — خەمىدە قانداق تېز كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى.

سىنتەبىرنىڭ سالقىن شامىلى يوپۇرماقلارنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى. تەبىئەت يەنىلا ياز گۈزەللىكىدە يېشىللىققا پۈركىنىپ ياتقان بولسىمۇ ئاندا- ساندا دەرەخ شېخىدىن ئايرىلغان يوپۇرماقلار ھاۋادا لەرزان لەيلەپ ئاياغ ئاستىغا ئۇچۇپ چۈشەتتى.

— تەتىل ئايلىرىڭىز ياخشى ئۆتكەندۇ؟
— يامان ئەمەس.
ئارىنى ئېغىر جىملىق باستى. ھەر ئىككىلىسى قىلىدىغان سۆز تاپالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. چۇغلۇقنىڭمۇ ئاخشامقى ئاچچىقلىرى تاراپ ئېرىپ قالغانىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئاخىر ئىزدەپ كەلدى - دە؟! ئۇلار ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى - دە، ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، يولنى داۋاملاشتۇراتتى. ھەر ئىككى قەلب، ھەر ئىككى كۆزنىڭ توختىماي سۆزلىگۈسى، ھال - مۇڭىنى ئېيتقۇسى، تەقدىرنى تازا تىللىغۇسى، يىغلىسا قالغان سۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە تەسەللى بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق نېمىدۇر ئۇلارنى سۆزلەتمەيۋاتاتتى. يەنە ئۇلار نېمىدىندۇر قورقۇۋاتاتتى، ھەر ئىككىلىسى بۇ رېئاللىقنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ - ھە؟
— ھاۋا ئوبدانلا سوۋۇپ قاپتۇ، قىش بۇرۇن كېلەمدۇ - نېمە؟
— بەلكىم، كۈزمۇ مۆلچەردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدىغۇ مانا.
— بولدىلا چۇغلۇق، تولا تەنە قىلىۋەرمەڭە.
— تەنە قىلىش ھەددىممۇ؟ ھەر كىم ئۆز ھالىغا باققىنى ياخشى - دە.
چۇغلۇق قەدىردانىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى. توۋا، بۇمۇ ئادەم ئىكەن - ھە؟ مېنىڭ ھالىمنى سوراپ قويۇشقا يارىمايدۇ - يۇ، مەندىن تەسەللى كۈتۈۋېتىپتۇ - دە، ئۆزىچە. ماڭا بىر ئېغىز تەسەللى بەرگەن بولسا، ئارىمىزدىكى بۇ يېتىرقاشمۇ تۈگەيتتى. مەنمۇ تازا يىغلاپ، يۈرىكىمنى بوشىتىۋالاتتىم. خۇددى ھەممە ئىشنى مەن بىلىدىغان تۇرسام، ماڭا ئادالەت تاپ. ئۇنىڭغا يول بەرمەيۋاتقاندەك، ماڭا باتناپ كېتىشلىرىنى قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى

بەرگۈدەكمەن؟ نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟ كەلگۈلۈك ماڭا كەلسۇنۇ، تەسەللىگە ئۇ موھتاج بولسۇن؟ ئۇنىڭ قايسى ئەلەملىرىگە تەسەللى بەرگۈدەكمەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قىلغان ئەقىدىسىگىمۇ؟ ئۇنداق ئەقىدە مەندىمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرمامدۇ؟ مەن دېگەن بۇزۇقنىڭ قىزى، ئەمدى مېنى كىمنىڭمۇ ئالغۇسى كەلسۇن؟ بولمىسا ھېلىقى سېرىقنى بېرىپ تېپىۋال، ئۇ دېگەن باشلىقنىڭ قىزى، ئىستىقبالىڭ چەكسىز پارلاق بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرى ئىدى. بىراق بۇنى قانداقمۇ دېسۇن؟ چۈغلۇقنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى مېنى ئەندىشىگە سېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ ئۇنى نېمانچە ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىمكىن؟ ئارىمىزدىكى ھاڭ كېڭەيگەنسېرى بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەي مۇھەببەت، ھەي مۇھەببەت!

شىپاڭلىق باغنىڭ ئادەمسىز كوچىلىرى ھەر ئىككىلىسىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىۋەتكەنىدى.

— چۈغلۇق ئاپامنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى باركەن.

— نېمىشقا؟

— تاڭ بىلمىدىم، — ئارىنى بىردەم جىملىق باستى.

— قايتايلى قەدىردان، كەچ كىرىپ كەتمىسۇن يەنە.

— تېخى بالدۇرغۇ، ئىلگىرى بۇنداق چاغلارنى كەچ دېمەيتتىڭىز . . .

— ھاۋانىڭ كەيپى بۇزۇلۇپتۇ، ۋاقتىدا قايتقىنىمىز تۈزۈكمىكىن؟

— مەيلى ئەمىسە.

ئىككىلىسى ئۈن ـ تىنسىز مېڭىپ مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— ئاپام بىلەن كۆرۈشمەمسىز؟

— ياق. . . ئاپىڭىزغا دەپ قويۇڭ. مېنىڭ پېشانەمگە

«بۇزۇقنىڭ قىزى» دېگەن يوغان تامغا بېسىلدى. بۇ يۈزۈم بىلەن ئائىلەڭلەرگە بارسام، ئابرۇيۇڭلار تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمەڭ!

— چۇغلۇق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — قەدىردان ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئوتتۇرىدا ئەتكىلى بولمايدىغان بوشلۇق ئاستا - ئاستا شەكىللەنمەكتە ئىدى.

چۇغلۇق گەپ قىلماي، كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، يۈزىنى ئەتكىنىچە ياتاق بىناسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ نېمە دېيەلەيتتى؟ بۇ بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبچىسى يا قەدىردان بولمىسا؟ ئۇنىڭغا نېمىشقا قېيدايدۇ؟ ئۇمۇ چۇغلۇقنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك گەپ قىلغىنى يوققۇ؟ كونىلارنىڭ: «ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنىدىن تېز رەنجىيدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە؟ چۇغلۇق پەقەت ئۇنىڭغا: ئۆيىمىزگە ئادەم ئەۋەتىپ قويۇپ، نېمىشقا جىمىپ كەتتىڭلار؟ دېيىشكىلا ھەقلىق. بىراق بۇنداق دېسە قەدىردان ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولغانلىقىنى چۈشىنەرمۇ؟ ئاھ، بۇلارنى چۈشەندۈرۈشكە چۇغلۇقنىڭ ئاجىز يۈرىكى چىدىمايدۇ، ھەرگىز چىدىمايدۇ!

قەدىردان مەكتەپ ئالدىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. كېيىن يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوچا چىراغلىرى يېنىشقا باشلىدى. ئادەملەر كەچ بازارنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى.

قانداق قىلسام بولار؟ بىر تەرەپتە مېنى پارلاق ئىستىقبال كۈتۈۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈمنى چۇغلۇقسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. بىراق، ئاپام... مۇشۇ ئادەملەردىمۇ غەم - قايغۇ بارمىدۇ؟ قەدىردان يېنىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى.

## 9

سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئاسماننى قاپلىغان سۇررەڭ بۇلۇتنىڭ قوغۇشۇن رەڭگىدىكى ئېغىر سايىسى ياتاق ئىچىدە ئەكس ئېتەتتى.

خەمىدە سىرتتىن ۋايسىغىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە بوسۇغىدا تۇرۇپلا ئايىغىدىكى لايىنى سۇپۇرگە بىلەن تازىلاشقا باشلىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، قاچانغىچە ياغار بۇ يامغۇر؟

— كۈزنىڭ يامغۇرى دېگىنە بۇ، — كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان چۇغلۇق بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ خەمىدەگە قاراپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياتاقلىرىمىزنىڭ هالى بۇ، ئۆتۈپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى.

— قانداق قىلاتتۇق. كېتىمىز شۇ، — خەمىدە كەڭ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ، چۇغلۇقنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كەلدى.

— نېمە يېزىۋاتىسەن؟

— كۈندىلىك خاتىرە.

— بىزگە بىرەر قېتىم ئوقۇتامسەن؟

— ۋاي ئوقۇتامدىغان. سەندىن نېمىنى ئايىغان ئىدىم. بىراق هازىر ۋاقتى ئەمەس.

— شۇنداقمۇ تېخى؟. . .

خەمىدەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىشىك چېكىلدى. خەمىدە ئىشىكنى ئاچقاچ، كىمنىدۇر ياتاققا باشلىدى.

— چۇغلۇق سىنى بىرى ئىزدەيدىكەن.

50 ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بىر ئايال بوسۇغىدا تۇرۇپ، كۆنلۈكنى قاتلاۋاتاتتى.

— كېلىڭ، — چۇغلۇق تەئەججۇپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— چۇغلۇق سىز بولامسىز؟

— ھەئە.
— مەن قەدىردانىڭ ئاپىسى. سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كېلىۋېدىم. ۋاقتىڭىز بارمىكىن؟
چىرايىدىن ياشلىقىدىكى گۈزەللىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان بۇ ئايال ھەربىر قېتىم سۆزگە ئېغىز ئاچقىنىدا كىشىگە «ياق» دېيىش پۇرستى بەرمەيدىغان تەلەپپۇزىغا ئاغزىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن چىشلىرى قوشۇلۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئەيمەندۈرەتتى. چۇغلۇق نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئايال تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.
— قېنى ئولتۇرۇڭ.
— ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ.
چۇغلۇق ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغاچ، خەمىدەگە مەدەت تىلىگەندەك قاراپ قويدى. بىراق خەمىدە ئەپسىز ھېس قىلدىمۇ، نېمىنىدۇر باھانە قىلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.
— كېلىدىغانلىقىمنى قەدىردان دېگەن بولغىيتتى، قىزىم؟ ئىشقىلىپ مەنمۇ ئالدىڭىزغا بەك تەستە كەلدىم، — ئايال چۇغلۇققا قاراپ قويدى، — تۇرمۇش دېگەن رەھىمسىز بولىدىكەن. بەزى گەپلەرنى قىلسام، كۆڭلۈڭىزگە بەك ئېلىپ كەتمەڭ، توي ئۆمۈرلۈك ئىش بولغانىكەن. ئۇچۇق - يورۇق سۆزلەشمەي بولمايدۇ. . . مېنىڭمۇ سىزدەك ياشلىق چاغلىرىم بولغان، يەتكۈچە ئازابمۇ تارتقانىدىم، مانا قاراڭ، ھازىر ناھايىتى بەختلىكمەن، ھەر ئىش بولسا ئۆتۈپ كېتىدۇ. . .
— ھەدە، گەپ بولسا ئەگىتمەي دەۋېرىڭ.
— سىز مەن ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىكەنسىز. سىزدەك بىر قىزنى كېلىن قىلالىغان بولسام، ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتەر ئىدىم. شۇغىنىسى. . .
ئايال يەنە نېمىلەرنى دېدى، بۇ چۇغلۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغانىدى. ئايال

بۇ قىزىرىشنى خىجىللىقتىن، دەپ چۈشەنگەندەك قىلاتتى. لېكىن چۇغلۇق غەزەپ - نەپرىتىنى بېسىپ، ئاران ئولتۇراتتى. مەن كىم؟ بوزۇقنىڭ قىزى، شۇنداقمۇ؟ كىم سېنى، ھەتتا ئېرىڭنى بوزۇق شەرمەندىچىلىكتىن خالىي، دەپ ئېيتالايدۇ؟ بۇ خۇددى بىزنىڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى قېرى سېدىنىڭ ئىچىنى ھېچكىم پۈتۈن دېيەلمىگىنىگە ئوخشاش ئىشقۇ؟ بالاڭنى چېكەڭگە تاڭ، لېكىن مېنىڭ غۇرۇرۇمنى ھاقارەتلىمە. ياق، ياق چۇغلۇق، بۇلارنى دېيىشىڭگە بولمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇ بىر ئانا، خۇددى سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ئانا.

— ئاڭلىسام، قورسىقىدىكى بالىسى ئالتە ئايلىق بوپتۇ.

— نېمە؟ — چۇغلۇق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، — ئالتە ئايلىق بوپتۇ دېدىڭىزما؟ كىمنىڭ بالىسى؟

— قەدىردانىنىڭ بولامدۇ؟ ئۇ قىز شۇنداق دەيدۇ.

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم! ياتاق چۆرگىلەۋاتامدۇ؟ - نېمە؟ — چۇغلۇق بوش شىۋىرلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بېشىدا خۇددى چاقماق چاقناندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز توختاۋسىز پارتلايتتى. دېمەك، ئۈمىدىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆچكەندى. ئۇ چاندۇرماي دېرىزە ئالدىغا كېلىۋالدى. سىرتتا زېرىكىشلىك بىر يامغۇرلۇق كۈن ھۆكۈم سۈرمەكتە. چوڭ كوچىدا كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى. چوڭ سۇلياۋ خالتىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ بېشىغا كىيىۋالغان يەتتە - سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالا كوچىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى پاقىلدىتىپ دەسسەپ، ئىككى ياققا چاچراتقىنىچە، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىسىت! مېنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىم بولغانمىكىن؟ نېمىدېگەن غەمسىز. چۇغلۇق ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەمدى بىزگە شۇ قىزنى ئېلىپ بەرمەكتىن باشقا نېمە ئامال بار دەيسىز؟ بىزنىڭمۇ قىزلىرىمىز بار، خەقنىڭ قىزىنى

يىغلاتساق خۇدا راۋا كۆرمەس. . . ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ قىز ئاددىي ئادەملەرنىڭ قىزى ئەمەس دەڭە، بىزدە «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھېچبولمىغاندا قەدىردانىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە. سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنسىز، ھەر جايدا بەخت تىلەيسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ - يا؟ — ئايال چوغلۇققا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، — بۇ ئىشنى سىلەرنىڭكىگە ئادەم چىقىرىپ ئاز كۈندىن كېيىنلا ئۇقتۇق. شۇنىڭ بىلەن يا سىلەرگە بىر نېمە دېيەلمەي، يا بۇ قىزدىن قۇتۇلالماي جىمىپلا كەتكەن ئىدۇق. . . كۆڭلۈڭلارنىڭ ئارامى يوق، ئاران تۇرغاندا، ئەجەب بىر ئىش بولدى، بۇ، — ئايال تېخىچە سۆزلەۋاتاتتى. چوغلۇقنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. قوشلاپ كەلگەن دەرد - ئەلەم ئۇنى خامۇش قىلىپ قويغانىدى. سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ ئەجەب ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، قاچان كېتەر بۇ خوتۇن؟ بىر قەدىردان ئۇچۇن بۇنچە گەپ كەتسە خۇدايىم ساقلاپ ھېلىمۇ ئىككى قەدىردان بولۇپ قالماپتىكەن. ئۇ تېخىچىلا سىرتقا قاراپ تۇراتتى.

— بۇ گەپلەرنى قەدىردان ئۆزى دېيەلمەيمەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن دەي، دەپ كەلدىم. قىزىم، ئۇنى كەچۈرۈڭ. ئادەم دېگەن ھېسسىياتچان كېلىدۇ، خېلى بۇرۇنلا ئايرىلىپ كېتىپتىكەن، قەيەرلەردە بىللە بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. . . مەنمۇ ئالدىڭىزدا بەك خىجىل. . .

— نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ — چوغلۇق ئاستا كەينىگە ئۆرۈلدى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سوغۇق نۇر چوغلۇقنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ياتاق ئىچىنى ئىلكىگە ئالغانىدى. قىزنىڭ يۈزلىرىدە قارامتۇل سايە ئەكس ئېتەتتى، — مەنمۇ سىلەرگە لايىق ئەمەس. . . مەن بىر بۇزۇقنىڭ قىزى تۇرسام.

ئاخىرقى سۆزلەر ئاچچىق بىلەن ئۇرغۇلۇق ئېتىلىپ چىقتى. كۆزلىرى چىمىدە ئېچىشىپ، جىيەكلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— بۇ. . . — ئايال خۇددى ماقۇللىماقچى بولغاندەك،

سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتتى. ياتاق ئىچىنى خېلىغىچە جىملىق قاپلىدى. ئايال ئوڭايسىز ھېس قىلدىمۇ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— قىزىم مەن قايتاي، كېيىنچە يەنە كېلەرمەن.

ئايال خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. چۇغلۇق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تازا يىغلىدى. ئىچى بىر ئاز بوشىغاندىن كېيىن، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئويغا كەتتى.

سوغۇق چۇغلۇقنىڭ مۇرىلىرىنى قورۇماقتا ئىدى. ئۇ چاپىنىغا تېخىمۇ چىڭ ئوراندى. قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يالغۇزلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

— خەپ توختاپتۇر، مۇشۇ ئەلەمگە قانداق قىلىمەنكىن؟ خەق كۆرۈپ قويسۇن!

## 10

چۇغلۇق ئالتە قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى رىتىملىق ئۇردى. ئىشىكنى 35 ياشلار چامىسىدىكى ئالتۇن چىشلىق، زىلۋاغىنا بىر ئايال ئاچتى.

— شەمسىيە دېگەن سىز بولامسىز؟

— ھەئە.

— ئالىمجىنىكام ئۆيدە بارمۇ؟

— ئىشىكىز بارمىدى؟ — ئايالنىڭ ھەيرانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر خىل كۆرەڭ،ە ھاكاۋۇرلۇق ئارىلاشقانىدى. ئۇ قىزنىڭ باش - ئايىغىغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە بويىنىنى سوزۇپ:

— ئالىم، سىزنى بىرى ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپ توۋلىدى.

— ھە مانا، — ئىچكىرىدىن چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، يۈزىدىن قىزىلللىق كەتمىگەن سالاپەتلىك بىر ئادەم مۇنداقچە ئېيتقاندا، چۈغلۈقنىڭ دادىسى ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەلدى.

— چۈغلۈق، سەن. . .

— ھە دادا، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ — چۈغلۈق ئىشىكنى گىرەدەپ تۇرغان شەمسىيەنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەلدى، — پاھ! ئۆيۈڭلار پەيزىغۇ، شۇغىنىسى سەل تارمۇ نېمە؟ ھە راست دادا، سەن بىلەن پاراڭلاشقىلى كېلىۋېدىم. مېنى ئۆيگە باشلىمايسەنغۇ؟

— ھە، جۇر، قېنى ئۆيگە كىر، — دادىسى قىزىنى ئۆيگە باشلىغاچ، شەمسىيەگە ئۆتۈشۈش بىلەن، — بىزنى بىردەم يالغۇز قالدۇرساڭ بوپتىكەن، — دېدى.

— بولدى دادا ئاۋارە بولما، گېپىمنىڭمۇ ئانچە مەخپىيىتى يوق. ئۇمۇ، — چۈغلۈق قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، ساپاغا يۆلەندى، — ئۆز ئادەمغۇ.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. پەقەت شەمسىيەنىڭ سېغىز چاينىغاندىكى يېقىمسىز ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— دادا، مەن توي قىلاي دېگەنىدىم.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — ئالىمجان جوزىنى چېكىپ قويدى. چۈغلۈق سۆزلىگەچ ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ چىقتى. مېھمانخانا ھەقىقەتەن زامانغا لايىق ياسالغانىدى.

— تويىنىڭ ھەممە تەييارلىقى پۈتكەنىدى. . .

— ھە، پۇل لازىم بوپتۇ ـ دە؟ — شەمسىيە گەپنى بۆلدى.

— ياقەي، شەمسىيە ھەدە، ئالدىراپ گېپىمگە قوشۇق سالمىسىڭىزچۇ!

— چۈغلۈق! — ئالىمجان قىزىغا نارازىلىق بىلەن قارىدى.

— كەچۈرۈڭ دادا. . . بىراق يىگىت تەرەپ يېنىپ كەتتى.

— نېمىشقا؟ — ئالىمجان چۆچۈپ قىزىغا قارىدى.

— نېمىشقا؟ بۇنى مەندىن سوراۋاتامسەن؟ راستىنلا بىلمەمسەن؟ — چۇغلۇقنىڭ ئىچىدىكى غەزەپ ـ نەپرىتى چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ئۇ سەل مەسخىرە تەلەپپۇزىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلەلمىگەن بولساڭ مەن دەپ بېرەي، سېنىڭ قىزىڭ بولغىنىم ئۈچۈن!

— نېمە؟ سەن. . . — ئالىمجان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇكام، ئۇ دېگەن سىزنىڭ دادىڭىز.

— نېمە؟ — چۇغلۇقمۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، — ئىشىڭىزنى قىلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى، — سىز بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ دادا ئىكەنلىكىنى بىلگەنمىدىڭىز؟ دادا، سەن دەپ باقە، سەن ئۆزۈڭنىڭ دادا ئىكەنلىكىڭنى، يەنە كېلىپ قانداق دادا ئىكەنلىكىڭنى بىرەر قېتىم ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ دادا، ماڭا ئالايما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئەلۋەتتە، سەن مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكەن ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭنى بېسىۋالالايسەن، لېكىن مەنچۇ؟ ئىچىمگە يىغىلغان دەرد ـ ھەسرىتىمنى كىمگە دەپ بېرىمەن؟… دادا، مەن خېلى ـ خېلىسىنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك، ئايدەك چىرايلىق قىز، شۇنداقمۇ؟ بىراق ھازىر بۇزۇق دادىنىڭ قىزى بولغىنىم ئۈچۈن، بىر پۇلغا يارىماس بولۇپ قالدىم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ — ئالىمجان ئادەتتە مۇلايىم يۇرۇيدىغان قىزىنى، خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى، — ماڭا چەكچىيىسەنغۇ؟ بۇرۇنقى ھۆرمەت قىلىدىغان چاغلار كەتتى. سەن ھۆرمەت قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن! بالىلىرىڭ چوپچوڭ بولۇپ بويىغا يەتتى. بىراق سەن شۇ بالىلىرىڭمۇ قىلمايدىغان قىلىقنى قىلدىڭ. ئاشۇ ئاپئاق چېچىڭ، دادىلىق ھۆرمىتىڭنى قانداقمۇ دەپسەندە قىلغانسەن؟ ئاپام قېرىپ ساڭا يارىماي قاپتۇ ـ دە، ياش ۋاقتىدا گۈل كۆرۈنگەن

بولغىيتتى؟ شەمسىيە دېگەن بۇ نېمىنىڭ چىرايىمۇ چاغلىق ئىكەنغۇ؟ پاھ، گىرىملىرى، چاچلىرىنىڭ پاسونلىرىدىن ئۆرگىلەي. ئۇ سېنىڭ پۇلۇڭنى دېمىسە، سەندەك قېرىنى نېمە قىلاتتى؟ دادا، مېنى ئويلا، بىر تال قىزىڭنى ئويلا. سەن ئۇنى قانداق ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان ئىدىڭ؟ بۈگۈن ئۇ بەختسىز بولۇپ قالدى، بەختسىز! — ئۇنىڭ ئۈنلىرى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى، — كىمنىڭمۇ ئۆزى ئۆستۈرگەن گۈلنى نابۇت قىلغۇسى كەلسۇن؟ جېنىم دادا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! — چۇغلۇق دادىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

— قىزىم... چۇغلۇق... — ئالىمجان قىزىنى ئاستا يۆلىدى. ئۇنىڭمۇ كىرپىكلىرىدە ئىلىنىپ قالغان مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش يۈزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

— جېنىم دادا، قايتىپ كېتەيلى، ماقۇلمۇ؟

— قىزىم...

— ھىم، كېتىش ھەددىمۇ؟ — شەمسىيە ھە دېمەيلا چۇقان كۆتۈردى.

شۇندىن كېيىن چۇغلۇق دادىسىنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم كەلدى.

— ئاناڭ مېنى كەچۈرەرمۇ؟ — دېدى دادا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم.

## 11

يىللىق ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئاخىرقى ئوقۇش يىلى. بىراق قەدىردانىنىڭ پات ئارىدا بولىدىغان تويى چۇغلۇقنىڭ خىياللىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

دوستلىرىم مېنى ياۋاشلاپ كەتتىڭ دېيىشىۋاتىدۇ. راست،

دېمىسمۇ خۇددى بىردىنلا قېرىپ قالغاندەك، ئېغىرلىشىپ كەتتىم. مۇشۇ كۈندە ئۆزۈمنى ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئىلگىرى مەن قانداق ئىدىم؟ ئاھ! دۇنيادا ئوغۇل بالا دېگەن بىرلا قەدىردان بولمىغاندىن كېيىن مەغرۇر يۈرسەم بولمامدۇ؟ مەن تېخى كىچىك، جاھان دېگەن ئۇزۇن، نى بەختلىك كۈنلەر مېنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟ بىراق بۇ دېگەن كۆڭۈل مەسىلىسىدە. مەن ئۇنى نېمانچىلا ياخشى كۆرىدىغان بولغىيتتىم؟ خەق تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئوتى قىرىق يىلغىچە، دېسە نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن. بۇ گەپ راستمۇ قانداق؟ بۇ قەدىردان دېگەن نېمە ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمدۇ؟... ۋاي خۇدايىم بۇ تۇنجى مۇھەببىتىمنى نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق بىر نەرسىگە بېغىشلىغان بولغىيتتىم؟ ئىسىت زۇليار، ئىسىت زۇليار! شۇ تۇنجى مۇھەببىتىمنى ساڭا بەرگەن بولسام، بەلكىم بىر ئۆمۈر قەدىرلەر ئىدىڭ؟ ئاھ پەرۋەردىگار، ئۇنى شۇنداق سېغىنىۋاتىمەن. بىراق قەدىردانى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى مۇھەببەت دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ماڭا تۇنجى قېتىم تونۇتقان ئادەم شۇ. ئەمدى قەلبىمنى، ھەتتا بارلىقىمنى زۇليارغا تەقدىم قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ مۇھەببەتنىڭ شۇ تۇنجى مۇھەببەتتەك پاك، شېرىن ھەم ئۇنىڭدەك جەلپ قىلارلىق بولۇشى ناتايىن. تەكرارلانغان مۇھەببەت، ئەلۋەتتە، تۇنجى مۇھەببەتتەك لەززەتلىك بولالمايدۇ. بۇنداق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بۇ قەدەمنى ئويلىشىپراق باساركەنمەن. تۇنجى مۇھەببەتنىڭ كىشى قەلبىدە قالدۇرغان نەپرىتىمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك بولىدىكەن. تۇنۇگۈن ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلسە، قەستەن چىقمىدىم، نېمىشقا؟ ئەلۋەتتە چىقمايمەن ــ دە، ئۇ كىمنى ئەخمەق قىلىدىكەن؟ ياخشى كۆرەرمىش تېخى! ھازىر ئۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتىمۇ يات ئادەم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بالىسى بار بىر يات ئادەم. ئۇنى قانچە ياخشى كۆرسەممۇ، ياشاپ تۇرۇپ ئىنسان

قىممىتىنى چۈشەنمىگەن ئۇنداق ئادەم ئالدىدا ھەرگىزمۇ غۇرۇرۇمنى پاپانداز قىلىپ بەرمەيمەن. ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى شەھۋانىيلىقتا ئەمەس. مۇشۇنداق ئاددىي بىر ئۇقۇمنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئەسلىدە ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. ئۇ مېنى ئەمەس، چىرايىمنى، ئىچىمنى ئەمەس سىرتىمنى ياخشى كۆرگەن ئىكەن. . . ئاھ خۇدا! نېمىشقا مېنى بۇنداق مەسخىرە قىلىسەن، نېمىشقا؟ چىرايلىق بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنچە كۆرەڭلەپ، ئېگىزگە چىقىۋالمىغان بولسام، ئۆز قەدىر- قىممىتىمنى ھەقىقىي مۇھەببەتتىن تاپقان بولاتتىم. زۇليار قەدىرداندەك كېلىشكەن بولمىسىمۇ، ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك ھەم ئەخلاقلىق. ھاياتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنەلەيدىغان ئوغۇل بالا ئىدىغۇ؟ بولدى بەس. ئۆتكەن كۈنلەر، ئەلۋىدا! ئەمدى، قەدىردان كۈندە بىر ئەمەس، سائىتىدە بىر كەلسىمۇ ھەرگىز ئېرىمايمەن، ھەرگىز! ئۆلسەممۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەي. ئۆمرۈمدىكى تۇنجى، شۇ ئەزىز مۇھەببىتىم، مەن بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كەتسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قالغۇچە، قارا تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسۇن!

چۈغلۈق كارىۋىتىدا كىتابنى مەيدىسىگە قويغىنىچە ئۇڭدىسىغا ياتاتتى. كۆزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار چېكىلىرىنى بويلاپ، چاچلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ياق، بۇ يىغلىغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىسۇن.

ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. شۇندىمۇ ئۇ ئاستا ئۆرۈلۈپ تام تەرەپكە قارىۋالدى.

مەن شۇنداق بىر ياشايكى، كەلگۈسىدە قەدىردان چوقۇم پۇشايمان قىلسۇن. . . ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ داۋامىنى خەمىدەنىڭ:

— چۈغلۈق! — دەپ چاقىرىشى بۇزۇۋەتتى، — سېنى

مەردان چاقىرىۋاتىدۇ.
— نېمە قىلىدىكەن؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئەجەب ئۆچ بولدۇم بۇ قىبرى يىگىتكە! — ئۇ كۆز ياشلىرىنى هاپىلا ـ شاپىلا سۈرتۈپ، ئەينەككە قاراپ ئانچە ـ مۇنچە پەرداز قىلغاندىن كېيىن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.
ئەسلىدە مەردان چوغلۇق بىلەن خەمىدەنى ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى.
— بوپتۇ، بارساق بارايلى، چوغلۇق، ئۇ سېنى چوشەنمىگەن بولسا، ئۆيگە بۇنداق يۇرەكلىك تەكلىپ قىلمىغان بولاتتى... ئۇنىڭ قانداق يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلمىسەكمۇ مەيلى، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشمەمدۇق.
— بىراق...
— هە بىراق دەيسەنغۇ؟ — ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ چېچىنىڭ ئالدىغا قىستۇرۇلغان چاچ كۆپتۇرگۈچنى ئېلىۋاتقان خەمىدە چوغلۇققا ئالىيىپ قاراپ قويدى، — كىچىك ئاپاڭنىڭ ئوغلىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاكاڭغا ئوخشاش دېگىنە، ئاكاڭنىڭ ئاغىنىسى بولغاندىن كېيىن چاتاق يوقتۇ؟
— شۇنداقمۇ دەيسەن، ئوقەتچى ـ دە، ئىشەنچ يوق ئاداش.
— خاتىرجەم بولە، مەن بار! كىمكەن ئۇ ساڭا چېقىلىمەن دەيدىغان. بولدى، ئۇنداق نېمىگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!
— ها... ها... ها... — چوغلۇق ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مۇشۇنداق يېرىڭنى دېمىسەم جېنىم ئاداش...
— نېمە قىلاتتىم سېنىڭدەك نېمىنى دېگىنە!
— ماڭغىنا نېرى! — چوغلۇق سەل رەنجىش بىلەن قولىدىكى تاغاقنى شىلتىپ قويدى، — شۇنداق چوشەنگەن بولساڭ بوپتۇ.
— ۋاي تاۋى نازۇكەي، بولدى گېپىمنى ياندۇرۇۋالدىم.

ئۇلار يەنىلا كەچلىك مېھماندارچىلىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

چوغلۇقنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ئوقەتچى ئىدى. پات - پاتلا ئىچكىرىگە كېتىپ، ئۆيىدىكىلەرنى بولۇپمۇ كىچىك ئاپىسىنى بەك ئەنسىرىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭلار: «ئۆيلەپ قويساق، بېشى باغلىنىپ قالار» دەپ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىككى ئاي بۇرۇن توينى قىلغانىدى. چوغلۇق مەردان بىلەن شۇ تويدا تونۇشقان، ئۇنىڭ ئوقەتچى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، تېخى چوڭقۇر چۈشەنگۈدەك بولمىغانىدى. شۇڭا مەردانىنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىزدەپ كېلىشى، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئۆيگە تەكلىپ قىلىشى (گەرچە مەقسەت چۈشىنىشلىك بولسىمۇ) يەنىلا چوغلۇقنى شۈبھىلەندۈرەتتى.

— مەردانىنىڭ تۇرقىغا قارىغاندا ئائىلە ئەھۋالى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ. تەكلىپ قويغانلا بولسا غاچچىدە توي قىلىۋال، ئاداش، قەدىردان ئاغزىنى تۇتۇپلا قالسۇن.

— سەن كەچكىچە خەقنىڭ ئىقتىسادىغىلا قارايدىكەنسەن. ئىقتىسادنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟

— ئەخمەق، بۇرۇنلاردا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دەپتىكەن. مانا شۇ زامان يەنە يېتىپ كەلدى. ھازىرچۇ، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، ھەتتا مۇھەببەتنىمۇ سېتىۋالالايسەن. قارايسەنغۇ، مۇشۇ كۈندە ئوقەتچى بىلەن يۈرۈش مودا بولۇۋاتىدۇ، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ كېيىن بىلىسەن. . . قەدىردانىنىڭ ھالىنى چاغلىقمىكىن دەيمەن، سەن بىلەن شۇنچە يىل ئارىلىشىپ، بىزگە بوسۇغىسىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى، ئۇ پەس.

— پاھ، شۇنچە ئويناتقىنى ھېساب ئەمەسكەن - دە؟

— ئۇ بىر نېمىگە تولا چاپان ياپما، قەلەندەرگە ئاشنا بولساڭمۇ، ئۇنچىلىك ئوينىتالايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟! — چوغلۇق كۈلۈپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. سەن قەدىردانىنى ياخشى كۆرىسەن. بىراق مۇھەببەت مەسىلىسىدە كۆپ چاغلاردا ئادەم دېگىنىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دۇنيا مۇھەببەت بىلەن نەپرەتكە تولغان. مېنىڭچە، ئادەملەر ئەنە شۇ مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئۈچۈنلا ياشىسا كېرەك. چۇغلۇق، چېچىمنىڭ كەينىنى ئوڭشاپ قويە.

— ماقۇل، ئاداش. . . ئىلگىرى قەدىردان مېنىڭ نەزىرىمدە مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئاجايىپ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ مەغرۇرلۇقى بىلەن خۇددى ئۇ پۈتۈن ئالەمگە ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ياشاۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتىم. بىراق ئۇ. . . ئۇھ، — چۇغلۇق چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن تىنىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭغا شۇنچە قەددى-قامەت بەرگەن ئاللا يەنە نېمىشقا كىچىككىنە، ھېچ بولمىسا تېرىقچىلىق غۇرۇر بەرمىگەن بولغىيتتى؟ بەزى چاغدا ئۇنىڭدىنمۇ گۇناھ يوقتۇ، دەپ ئويلايمەن، بىراق ئۇ ماڭا ئىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشى، ھېچبولمىغاندا چىرايلىقچە كېلىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى كېرەكقۇ؟ خۇددى مېنىڭ تاماشامنى كۆرمەكچى بولغاندەك، ئاۋۋال ئاپىسىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، كېيىن قىلغانلىرىغا نېمە دەپ كېتەي، ئۆزى تويغا قوپسۇنۇ، يەنە ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ياخشى كۆرەتتىم دەپ، مېنى ئىزدەپ كەلسۇن. نېمىگە ئىزدەپ كېلىدۇ، نېمىگە؟ ساراڭ گۆشباش. ئويلىغۇچىلىكى بولسا مۇشۇ ئىشلارنى قىلامدۇ؟ ئۆزلىرىچە مېنى: «بوزۇقنىڭ قىزى» دېيىشىۋاتقاندۇ تېخى! ساناپ كەلسە قىلغانلىرىنى كىرانمۇ تارتالمايدۇ، ھاكاۋۇرلارنىڭ. مۇشۇلارنى ئويلىسام، قەلبىمدىكى شۇنچە زور مۇھەببەت بىردىنلا نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. خەقنىڭ ئالدىدا شۇنچە رەسۋا قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالغۇم، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىپ كېتىدۇ. ئۇنى ئويلىساملا، تۇرمۇش ماڭا ئىنتايىن

مەنىسىز، ئۆزۈممۇ ئارتۇقچە ئادەمدەكلا بولۇپ قالىمەن. ئىسىت! ئۇ زۇۋانسىز بولۇپ قالسىچۇ، مەن شۇندىلا ئۇنى ئەيىبلىمەس ئىدىم...

— ھەي چۇغلۇق، قاراپباققىنا، چېچىمنى قالايمىقانلا قىلىۋەتتىڭغۇ؟

— كەچۈرگىن، ھېچ قاملاشتۇرالمايۋاتىمەن. بولدىلا ئۆزۈڭ بىر نېمە قىلغىن!

چۇغلۇق كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاداش، كۆڭلۈڭنى غەش قىلغان مەن، ئەسلىي بۇنداق قىلمىسام بولاتتى. بىراق مەن سېنىڭ ئۇنى تېزراق ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى، ئەمەلگە ئاشمايدىغان مۇھەببەت ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە ئازابلىماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— بۇنىڭغۇ راست دەيسەن، بىراق مەنمۇ بىر ئادەم، مەندىمۇ غۇرۇر ھەم ۋىجدان بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ، نېمىشقا؟ ھېچ بىلمىدىم، مەن نېمانچە تەتۈر پېشانە؟

چۇغلۇقنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار ئۇچىسىدىكى ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىگە تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

— كۆرۈپتۇر، ئۇنى ھامان پۇشايمان قىلدۇرىمەن.

خەمىدە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

— بولدى قىل، جېنىم ئاداش، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، تەييارلىق قىلايلى، — دېدى.

— مېنىڭ بارغۇم يوق.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، كۆڭلۈم تارتماي تۇرىدۇ.

— بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. ۋەدە قىلغان ئىكەنسەن، گېپىڭدە تۇر. كىم بىلىدۇ، بۇ تېخى بېشىڭغا قونغان بەخت قۇشىمۇ.

— ناتايىن. بەخت مەندىن يۈز ئۆرىگەنىكەن دەيمەن.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ؟ بۇرۇن بىر قازاق شائىر مۇنداق دەپتىكەن:

«ئالدىمدا بىر بەخت بار، يېڭى بەخت،
كىم بىلەر بالدۇر ياكى كەچ كېلىشىن».

## 12

مەردان قىزلارنى كۈتۈرۈپ سىلىنغان، چوڭ ھاۋارەڭ دەرۋازىلىق ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

بۇگۈن ئۇ ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە قارا سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان ئىدى. تېگىدىن بىر خىل سېرىقلىق چىقىپ تۇرىدىغان، دۇپدۇگىلەك تولغان يۈزلىرى خۇش تەبەسسۇمدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ قىزلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— پاھ، ئۆيلىرى قالتىسكەن - ھە، خەمىدە؟!

— ھەئە، ھەي نېمانداق سىرلىق، قورۇدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ.

— شۇنى دەيمەن.

قىزلار سەگەكلەشتى.

ھايال ئۆتمەي مەردان چىرايىدىن ياشلىقىدىكى گۈزەللىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان، ئالتۇن چىشلىق بىر ئايالنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ مېنىڭ ئاپام.

— نېمە، سىزنىڭ ئاپىڭىز؟ — داڭقېتىپ قالغان ئىككى قىز ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، ئەسلي بۇرۇنراق دېسەم بولاتتى. بىراق سىلەرنى كەلمەمدىكىن دەپ ئويلىدىم، — دېدى مەردان.

خەمىدە چۇغلۇقنىڭ قولىنى تۇتتى - دە، «جۇر» دەپ سىرتقا

تارتتى ۋە:

— سىلەر كىمنىڭلارنى ئەخمەق قىلىسىلەر؟ چۇغلۇق ئالدىڭلاردا شۇنچىلىك بولۇپ قالدىمۇ؟ بىر توپ ئالۋاستى ئىكەنغۇ بۇلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلدى.

بۇ كېچىمۇ چۇغلۇق كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزۇۋەتتى. ئىككى قىز بىر ئېغىزمۇ پاراڭ سېلىشمايتتى، پەقەت بىر - بىرىگە سىرلىق قاراپلا قويۇشاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇڭلانغان كۆزلىرىدە ئوخشاش بىر سوئال غىل - پال ئەكس ئېتەتتى. كىممۇ مەردانىنى قەدىردانىنىڭ ئاكىسى دەپ ئويلىغان؟ بىلىشىمچە، ئۇلار تۆت ئوغۇل ئىدى. ھېلىقى ئىككى ئاكىسىنىغۇ تونۇيمەن، دېمەك، بۇ . . . ۋاي خۇدايىمەي، بۇ زادى نېمە ئىش؟ چۇغلۇقنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىيتتى.

## 13

كۇنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتمەكتە. يىللىق ئىمتىھانلارمۇ ئاخىرلاشتى. چۇغلۇقنىڭ ئوقۇشىمۇ تۈگىدى. يامغۇر ياغقاندا پاتقىقىدىن، شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن زارلانغان بۇ مەكتەپمۇ ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ قالالمايتتى.

خەير خوش، سۆيۈملۈك مەكتەپ! ئەتە سەن بىلەن خەيرلىشىپ ھېلىقى خىلۋەت يېزامغا كېتىمەن. بەلكىم، ئەمدى سېنى يوقلاپ كېلەلمەسمەن. ئۇنىڭسىزمۇ تالاي ئەسلىمە، بەخت، شادلىق، ئۇنتۇلغۇسىز قايغۇغا گۇۋاھ بولغان قوينۇڭنى، يوللۇرۇڭنى، مىسكىن تۇرقۇڭنى قايتا كۆرۈپ يۈرىكىمنى ئازابلىغۇم يوق. سەندە قالغان ھېدىم، سايەممۇ ھامان بىر كۇنى سەندىن يوقايدۇ. سەنمۇ مېنى ئۇنتۇيسەن.

چۇغلۇق خىيال بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى

يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى يۈزلىرىنى بويلاپ توختىماي تۆكۈلەتتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان خەمىدە چۈغلۈققا ياندىشىپ ئولتۇردى. ياتاقتا ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ھەممىسىنىڭ يۈك - تاقلىرى تېڭىۋېتىلگەن. ياتاق ئىچىنى بىر خىل غېرىبلىق باسقانىدى. پەردىلىرى ئېلىۋېتىلگەن ئىشىك - دېرىزىلەردىن چۈشىنىپ بولمايدىغان مۇڭ تۆكۈلەتتى.

— چۈغلۈق نېمىگە يىغلايسەن؟ مەكتەپكە قىيمايۋاتامسەن - يا؟ بولدى قىل، تولا يىغلاۋەرمىگىنە. بىكار مەنمۇ يىغلىۋېتىمەن، — چۈغلۈق يەنىلا يىغلاۋەردى. خەمىدە ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭمۇ كىرپىكلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئىلىنىپ تۇراتتى.

— چۈغلۈق، مەن سېنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىڭنى ھەم شۇ خۇشخۇي مىجەزىڭنى ياقتۇرىمەن. بۇنداق غەم - قايغۇ ساڭا ياراشمايدىكەن، ئاداش.

— جېنىم خەمىدە، مېنى سەنلا چۈشىنىسەن. بۇ قېتىم ھەتتا سەندىنمۇ ئايرىلىدىغان تۇرسام، يىغلىماي قانداق قىلىمەن؟

— قىزىقتە سەن. ئايرىلىق يىراق بولسىمۇ، دىلىمىز يېقىن. نېمىدىن غەم قىلاتتىڭ؟ بىرىدىن ئايرىغان خۇدايىم يەنە بىرىنى بېرىدۇ.

— تولا چاقچاق قىلمىغىنا.

— چاقچاق قىلمىدىم. ماڭا قارا، چۈغلۈق. سەن مۇھەببەت يولىدا كۆپ ئازاب چەكتىڭ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساڭا چىدام ھەم غەيرەت ئۆگەتتى. قانداق ياشاش كېرەكلىكىنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىڭ. مانا بۇ بىرىنى تارتىۋالغان تۇرمۇشنىڭ يەنە بىرىنى بەرگىنى ئەمەسمۇ؟ ... بىز ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمىز. مۇشۇ مىنۇتلاردا چۈشكۈن تۇرۇشۇڭنى خالىمايمەن. يېقىندىن بېرى ئۆزۈڭنى تاشلاپلاۋەتتىڭ. سېنىڭ ئۆز قىممىتىڭنى چۈشىنىشىڭ شۇنچىلىكمۇ؟ سەن بىر پاك قىزسەن. ئۇيغۇر

قىزلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولغۇدەك چىرايلىقسەن. بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىز سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دەيدىغان قاراش ھەممىمىزنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتتى. سېنىڭمۇ ئاددىيلا بىر ئايال بولۇپ ئۆتكۈڭ بارمۇ؟ مېنىڭچە، بىز ئۆزىمىزنى خەققە تونۇتۇپ قويايلى! يوللار تېخى ئۇزۇن، ھازىردىن باشلاپ ئىشەنچ تۇرغۇزمىساق بولمايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچىر خانىم ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئىلگىرى پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن تەرەپكە چېپىپلا يۈرۈيدىغان ئاددىي بىر قىز ئىكەن. ئۇ ھەممىلا ئىشتا قابىلىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىدا پەقەت ئىلگىرىلەش بولماپتۇ. كېيىن ئۇ مۇنداق ئويلاپتۇ: ئەرلەر پۇلى، قابىلىيىتى ۋە كۆچىگە تايىنىپ يۈكسىلەلەيدىكەن. لېكىن ئاياللارچۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانداق قىپتۇ، دېمەمسەن؟ ئۆزىگە مەخسۇس بىر كىيىم تىككۈچى بىلەن بىر ساتىراچ ياللىۋاپتۇ. ھەر كۈنى ئىشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ ياسىنىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەينى ـ كەينىدىن نەتىجە قازىنىشقا باشلاپتۇ. . . مېنىڭچە، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قانچە رازى بولسا، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ شۇنچە ئاشىدۇ. قانداق دېدىم؟

— بۇنىغۇ توغرا دېدىڭ، بىراق مېنى نېمە قىل دەيسەن؟

— ئەخمەق، ھېلىقى چاغلاردىكىدەك ياسىنىپ يۈرمەمسەن؟

— قويە بولدى، كىم ئۈچۈن ياسىناتتىم ئەمدى؟

— كىم ئۈچۈن بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭ ئۈچۈن. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانىنىڭ تۇغما تەبىئىتى. بۇنى قانداقمۇ باشقىلارغا باغلاپ قويغىلى بولسۇن؟ تۇرە ئورنۇڭدىن، ھازىر بېلەت ئالغىلى بارىمىز. يولدا قەدىردان كۆرسە ئىچىگە ئوت كەتسۇن!

ھەر ئىككىلىسى ياسىنىپ تەقمۇتەق بولدى. دەل شۇ چاغدا

ئويلىمىغان يەردىن قەدىردانىنىڭ ئاپىسى كېلىپ قالدى.

— ئۆزۈڭنى بېسىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باق، نېمە دەيدىكىن؟

— خاتىرجەم بول، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئويۇنىنىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار. سەن يېنىمدا بولمىساڭمۇ، كۆڭلۈمدە بار. ئۆزۈمنى تۇتالايمەن. بىردەمدىن كېيىن كۆرۈشەيلى!

خەمىدە تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى.

— ئەمىسە، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇراي ـ ھە؟

— ماقۇل.

چوغلۇق خەمىدەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ياتاققا قايتىپ كىردى. ئۇلار روبىرو ئولتۇرۇشاتتى. ياتاقنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئىيۇننىڭ ئىللىق شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. قىيپاش چۈشكەن قۇياش نۇرى ياپراقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ياتاق ئىچىگە شوڭغۇيتتى.

— بىلىپ تۇرۇپتىمەن، قىزىم. سىز مېنى شۇنداق ھېيلىگەر، يامان خوتۇن كۆرۈپ قالدىڭىز. بىراق مەندىمۇ نېمە ئامال؟ ئانا دېگەن بالا ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئىنسان ئىكەن... بالا بىر ئوتتا كۆيسە، ئانا مىڭ ئوتتا كۆيىدىغان گەپكەن. بۇنى دېگىنىم بىلەن بېشىڭىزغا كەلمىگەندىن كېيىن بىلمەيسىز...

ئاۋۋال سىزدىن قايسى كۈنكى ئىش ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن، — ئايال چوغلۇققا قاراپ قويدى، — مەردان توغرىلىق ئاڭلاپتىكەنسىز... ئېيتسام گەپ تولا. مەردان ئوغۇللىرىمنىڭ ئۈچىنچىسى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئايالىنى ئۆلتۈردى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان. كۈندەشلىك تۇتسا ئادەم نېمىنى قىلمايدۇ، دەيسىز؟ دېمىسىمۇ ئايالى بەك چىرايلىق ئىدى. ئوغلۇمنىڭ مىجەزىگە يارىشا، ئۇ ئايالنىڭ ئويۇنچىلىقىنى دېمەمسىز. بىر كۈنى ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن قىيا ـ چىيا چىقىپ كەتتى. يۈگۈرۈپ

كىرسەك، كېلىنىمىز قانغا مىلىنىپ يەردە يېتىپتۇ. ئوغلۇممۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كېيىن، ئۇنى ئۈچ يىل تۇرمىدە تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، دەلىل-ئىسپات تولۇق ئەمەس، دەپ قويۇپ بەرگەن. تۇرمىدىن چىقىپلا بۇ يەردە يۇرۇشتىن خىجىل بولدىمۇ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن. . . كەلگىنىگە تېخى يېرىم يىلمۇ بولمىدى. نېمە تەقدىر كىنتاڭ، قەدىردان ئىككىڭلار ياخشى چاغدا رەسىمىڭىزنى كۆرۈپ، سىزنى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىغا ئوخشىتىپ، نەچچە كۈن يىغلىغان ئىدى. كېيىن سىلەر ئايرىلىپ كەتتىڭلار، ھەي، بۇ مەردانىنىزە. . . رەسىمىڭىزنى كۆرۈپلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، كېيىن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار، بۇنى بىلمىدىم. . . شۇنچە نەسىھەتلىرىمگىمۇ قۇلاق سالماي، ھېلىقى كۈنى سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپتۇ. . . مەندىمۇ نېمە چارە؟ بالىلارنىڭ رايى شۇ تۇرسا. . . شۇ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ مىجەزى يوق. يۇرىكىدىكى دەردىمۇ ياكى تۇرمە ھاياتىنىڭ يالدامىسىمۇ، بىچارە بالام روھىي جەھەتتىن بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ ئېغىر ئالىدىغان بولۇپ قالدى. جېنىم قىزىم. . . — ئايالنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، — ئۇنىڭ ھالى بەك خاراب. كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. جۆيلۈپ ياتقىنى ياتقان. . . ماڭا ياردەم قىلىڭ. بىر يۇرەك پارەم بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمىسۇن، — ئايال يېشىنى سۇرتۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ھىم، — چۇغلۇق سوغۇق كۈلۈپ قويدى، — كەچۈرۈڭ، بۇنداق ياردەم مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىگۈدەك.

— سىز. . . — ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى، — قەلبىڭىزدە ئازراقمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك يوقمۇ، قىزىم؟

— بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ مەن ئىتلار تالىشىپ يەيدىغان سۆڭەك ئەمەس.

لېكىن سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ماڭا ئادەمدەك مۇئامىلە قىلدىڭلارمۇ؟ بىرەر قېتىم ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئادەم قانچە ئاق كۆڭۈل بولسا، شۇنچە زىيان تارتىدىغان گەپكەن. سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆزۈڭلارنى ئويلىغان يەردە، مەن بىر ئادەم ئۆز مەنپەئىتىمنى كۆزلىسەم بولمامدىكەن؟

— بۇنچىلىك دەپ كېتىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ياردەم بېرەلمەيمەن دېگىنىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى، — ئايال ھاكاۋۇرلۇق بىلەن پېشىنى قېقىپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى، — ئۇمۇ سىزسىز ئۆلۈپ قالماس.

— توختاپ تۇرۇڭ، ھېچكىم باشقىلار ئۇچۇن ياشاپ بەرمەيدۇ. مەنمۇ پەقەت ئۆزۈم ئۇچۇنلا ياشايمەن، خالاس. ئۇمۇ شۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، پېشانىسىگە ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالمايمەن. ئوغلىڭىزغا دەپ قويۇڭ. ئىرادىسىز ئادەمنى تۇرمۇش مەڭگۈ كۆزىگە ئىلمايدۇ... سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىگە بەخت تىلەيمەن. خوش ئەمىسە، ئۇزاتمىدىم.

— ھىم، — ئايال دىمىغىنى سوغۇق قېقىپ قويۇپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئىشىكتىن مەغرۇر چىقىپ كەتتى.

## 14

شەھەرلىك قاتناش بېكىتىنىڭ ماشىنا كۈتۈش زالى. ئادەملەر مىغىلدايتتى. چۇغلۇق بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنى خەمىدە ئۇزىتىپ چىققانىدى.

— چۇغلۇق، مانا ئەمدى ئەسلىڭگە قايتتىڭ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. كۈلگەندىمۇ راسا كۈلۈش، يىغلاشقا توغرا كەلسىمۇ قانغۇچە يىغلاش كېرەك،

دەيدىغان ئۆزۈڭتىڭغۇ. مەنمۇ بۇ سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. بىرىپلا ماڭا خەت ياز، مەنمۇ ساڭا خەت يازىمەن.

— ماقۇل، راست ئاداش، ئەتىگىچە مەردانىنى بىر يوقلاپ قوي. سەنمۇ ئەمدى كەتسەڭ ئۇنى كۆرەلمەيسەن. بىچارىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. ئاپىسىنىڭ دىگىنىمۇ راستتۇ. ھىچبولمىغاندا تەسەللى بىرىپ قويارسەن.

— خاتىرجەم بول ئاداش، ئۇنداقلار ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

— نىمىلا بولمىسۇن، مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا قاراپ قويۇشتى.

— ھە راست، چۇغلۇق، بىرىپ، پۇرسەت بولسا زۇلپارنى قايتىدىن تېپىۋال.

— ئەمدىما؟ — چۇغلۇق ھەسرەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. كۆزلىرىدە چەكسىز پۇشايمان داۋالغۇيتتى، — ئەمدى كېچىكتىم. ھازىر ئۇنىڭمۇ يۇرگىنى بار.

— شۇنداقمۇ؟

ھەر ئىككىلىسى جىمىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا قوزغالدى.

— خوش.

— خوش ئەمىسە.

ھەر ئىككىسىنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئەگىگەن ياش چاناقلاردا مەرۋايىتتەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

— خوش! — چۇغلۇق ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن شەھەرگە قايرىلىپ قارىدى، — خەيرخوش، گۈزەل شەھەر.

چۇغلۇق يول بويى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە قالدى. ئاپامغۇ رايىش ئايال، ئۇنىڭغۇ قايىل قىلارمەن. شۇغىنىسى ھېلىقى

دۆررەك تاغام قانچىلىك سەكرەپ كېتەر. نېمىلا بولمىسۇن، دادامنى قايتۇرۇپ ماڭدىم. قالغىنىنى باشقا كەلگەندە كۆرمەمدىمەن.

چۈغلۇق مەھەللىگە كېلىپلا بىرنەچچە چولڭ ئاياللارنى ئۆيگە چاقىردى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىملىققا چۆمگەندى. چۈغلۇقنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىمۇ يەرگە قارىغىنىچە سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. ھېچكىممۇ بالدۇر ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. دەل شۇ ئارىدا ھويلىدا بىردىنلا غوۋغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، ھېلىقى تاغىسى گۇس ـ گۇس دەسسىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھەي. ئالىم دېگەن ۋىجدانسىز، بۇ ئۆيگە قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ؟ — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ چۈغلۇقنىڭ دادىسىغا ئېسىلدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈر ـ تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتى.

— قۇربان ئاكا، دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر.

— كىمكەن ئۇ سېنىڭ داداڭ؟ ئۇ بىر قارا يۈز چوشقا!

— بولدى قىل، جېنىم قۇربان ئاكا. ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام! — چۈغلۇق بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئارىغا كىردى، — ئۇ مېنىڭ دادام!

چاڭگىدە قىلىپ تەگكەن بىر كاچات چۈغلۇقنى سۇپا ئۈستىگە يۈكۈلدە چۈشۈرۈۋەتتى. يۈزى كۆزى بىلەن قوشۇلۇپ لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىر قۇلىقى ۋاڭگىدە قىلىپ، ئېتىلىپ قالغاندەك بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. ئالەم خۇددى چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

— قۇربان! — چۈغلۇقنىڭ دادىسى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— نېمە دەيسەن؟ ماڭا ۋارقىرايسەنغۇ، كۆرگۈلۈكۈڭنى بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام! — قۇربان دېۋەيلەپ كېلىپ، ئالىمغا

ئېتىلدى.

— توختا! — چوغلۇق يوگورۇپ قوپۇپ، قۇربانغا ئېسىلدى، — سېنىڭدەك نېمىگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!

— نېمە؟! — ھەممەيلەن خوددى قېتىپ قالغاندەك چوغلۇققا تىكىلىپلا قالدى.

— ئۇنى مەن ئەكەلدىم. گەپ بولسا قېنى ماڭا دە، ئاۋۋال ماڭا تېتىمامسەن، كۆرگولوكومنى كۆرسەت، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن دادامغا ئېسىل. راست، ئۇنىڭ ساڭا كېرىكى يوق. لېكىن ماڭا كېرەك. بىزگە دادا كېرەك. سەن بىزگە دادا بولالامسەن؟ بىزنى ئۆزۈڭنىڭ پۇشتى دېيەلەمسەن؟ سېنىڭ باللىرىڭ سېنى «دادا» دەر، سەن ئۇنى قوغلىۋەتسەڭ، بىز كىمنى «دادا» دەيمىز. دېگىنە قېنى؟ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، قايسىڭ كېلىپ بېشىمىزنى سىلاشقان ئىدىڭ؟ مېنى خەق دادىسى يوق دەپ كۆزىگە ئىلمىدى. خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندىلەرچە تاشلىۋەتتى. بىگىسىڭ بولسا مۇشۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتىپ باقمامسەن؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بايا ئەجەپ گۈركىرەپ كېتىۋېدىڭ، ئەمدى زۇۋانىڭ ئۆچتىغۇ؟ شۇنچە يىلدىن بېرى، ئۇلار بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشتى. ئەمدى بېقىش نۆۋىتى بىزگە كەلدى. دادامنى قوغلىۋېتىش سېنىڭ ھەددىڭ ئەمەس، بىزگە ئاتا ـ ئانا كېرەك. ئاڭلاۋاتامسەن؟ بۇتتەك تۇرىسەنغۇ؟ سېنىڭ كېرىكىڭ يوق. يوقال كۆزۈمدىن، يوقال!

قۇربان ئاچچىقتىن خوددى بەزگەكتەك تىترىدى. كېيىن ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. چوغلۇق ئۆزىنى باسالماي تېخىمۇ قاتتىق ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىپ، قىزىنى قۇچاقلىۋالدى.

## 15

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دەل 5 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى.

كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي پۈتكۈل كائىناتقا سېھرىي قۇدرەت ئاتا قىلغانىدى.

كۆن نۇرلۇق ئۈستەل چىرىغى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان قەلەم تۆۋەندىكى قۇرلارنى قەغەز يۈزىگە تۆكمەكتە:

«قەدىردان دوستۇم خەمىدە، كۈندىلىك خاتىرە يازمىغىنىمغا ئۇزاق بولدى. بۇ يازغۇدەك ئىشنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، نېمىسىنى ئېيتاي. . .

ئاڭلا دوستۇم!

بۈگۈن سەھەرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدىم. ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ كەلگىنىمدىمۇ، تېخى ھېچكىم ئىشقا چۈشمىگەنىدى. ئىشكتىن كىرىۋېتىپ گۈلنار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئىدۇق. ئىلگىرى ئۇ ناھايىتى ئاددىي قىز ئىدى. ھازىر شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇكى، تونۇيالماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

— ھوي، بۇ چۈغلۇققۇ؟

مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم.

— ۋىيەي، سەنمىدىڭ گۈلنار، ياخشىمۇسەن؟

— ئۆزۈڭچۇ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن؟

— كادىرلار ئىدارىسىگە كېلىۋېدىم.

— يۆتكىلەي دەپسەن ـ دە؟

— نەدىكىنى، تېخى ئىش كۈتۈپ يۈرۈيمەن.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئوقۇش پۈتتۈرگىنىڭگە خېلى بولغاندۇ؟

— ئىككى يىل بولاي دېدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، تەلىيىڭ تازىمۇ كاج ئوخشىمامدۇ؟ بىز مانا ھېچيەردە ئوقۇمايلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەتتۇق.

بۇ گەپ غۇرۇرۇمغا شۇنچىلىك تەگكەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. بۇ ئىككى يىلدىن بېرى بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپمۇ قالغانىدىم.

— قەيەردە ئىشلەۋاتىسەن؟

— ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا. شتاتمۇ ھەل بولۇپ قىلىنىۋېدى. بۇگۈن رەسمىيەت ئۆتەشكە كېلىۋېدىم.

— ھە، مۇنداق دە. راستىنىلا تەلەيلىك ئىكەنسەن، — يالغاندىن كۈلۈپ قويدۇم، ئەمما ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ كۈندە بەك نازۇكلىشىپ كەتتىممۇ، ئارتۇق كەتكەن بىر ئېغىز گەپنىمۇ كۆتۈرەلمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئاردا گەپمۇ تۇگىسگەندەك قىلاتتى. ئىككىمىز خوشلىشىپ ئۆز يولىمىزغا كەتتۇق. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تاكى چېكىلىرىگە قەدەر تارتىپ ياسالغان قىيغاچ قاشلىرىدىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان مەغرۇرلۇق خېلىغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

كادىرلار ئىدارىسىگە كىرگىنىمدە، يۇمۇلمايدىغان كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ھىڭگاڭ سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى ئادەم كۆزەينىكى ئۈستىدىن قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— كېلىڭ! — دەپ، ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقنى شەرەت قىلدى. ئۇ يەردە تاكى چۈشكىچە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىر ئېغىز گەپكىمۇ ئىگە بولالماي، ئۆيگە قايتتىم.

مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن بېرى مائارىپ ئىدارىسى بىلەن كادىرلار ئىدارىسىگە تولا قاتراپ، ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالايلا دېدىم. قەيەرگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، ساڭا

قارايدىغان ئادەممۇ يوق. كادىرلىققا ئىمتىھان بېرىڭ، دېيىشىدۇ تېخى! قانچە قېتىم ئىمتىھان بەرسەڭمۇ يەنە ئوخشاشلا. ھەيران قالىدىغىنىڭ ئاجايىپ بىر سىرلىق ئېقىم. خۇددى سۇ سايغا، پۇل بايغا ئاققاندەكلا بىر ئىش، تۇرۇپلا ئويلاپ قالىمەن: قايسى بىر شورلۇق كۆنى تۇغۇلغان بولغىيتتىمكىنتاڭ؟ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ماڭا يانچۇقىدىن ئاش - نان ئېلىپ بېرىدىغاندەك نېمانچە قىلىشىدۇ؟ دادام بولسا، 30 نەچچە يىللىق ئىستاژغا ئىگە زىيالىي. يەنە كېلىپ بىرمۇ بالىسى ئورۇنلاشمىغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن زىيالىيلار سىياسىتىدە دەل دادامدەكلەرنىڭ بىردىن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان پرىنسىپ بار، دەپ ئاڭلايمەن. بىراق بۇنىمۇ خۇددى كادىرلىق ئىمتىھانىغا ئوخشاش بىر رەسمىيەتمىكىن دەيمەن. مۇشۇ كۈندە ئەمەلدارلارمۇ ئاجايىپ ئۇستا بولۇپ كەتتى. ئەگەر قىلغان ئىشىدىن بىرەر تىۋىش چىققۇدەكلا بولسا، قىلغان ئىشىغا زىيالىيلار سىياسىتى دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق قالپاقتىن بىرنى كىيگۈزىدۇ - دە، شاپپىدە ئىشنى توغرىلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سودا يەڭ ئىچىدە پۈتىدۇ - دە، ھەر كىم ئۆز ئىشىنىڭ پۈتكىنىدىن خوش. قېنى، نوچى بولسا، مۇشۇ كۈندىكى باشلىقتىن بىرەرى، «مېنىڭ گېلىم پاك»، دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىپ باقسۇنا؟ مەن شۇنداق ئادەمنىڭ جامالىغا بىر قېنىپ قارىۋالاي. بۇنداق دېسەم، ھەقىچان «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دەيدىغانسەن. بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن؟ تالاي رەت ئويلىغان. بىراق دادامنىڭ ئايال تونۇشلىرى كۆپ بولغان بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئۈلپەت بولۇپ باقماپتىكەن. ئىش بۇنداق تۇرسا، كىمگە بېرىپ يالۋۇرىسەن؟ بۇ باشنى قايسىبىر تۆشۈككە پېتىنىپراق تىققىلى بولسۇن؟

خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش باش - ئۇچىنى تاپقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چىرمىشىپ كەتكەن بۇ ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەت قورغىنىنىڭ (بىزدەكىلەرگە نىسبەتەن) قايسى بىر ئىشىكنى چەكمە، «پۇل» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايسەن، بىراق ھەر ئىشنىڭ ئېپى كەلمىسە، ئۇنى خەقنىڭ ئالدىغا دوققىدە قىلىپ قويغىلى بولمايدىكەن.

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ ئىشلارغا نېمىمۇ دەيمەن؟ شۇنچە يىلدىن بېرى نېمىشقىمۇ ئوقۇغان بولغىيتتىم؟ ئىلگىرى ئوقۇغان ئادەم يەردە قالمايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ئاتا - ئانامنىڭ تاپقىنىنى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بۇنداق ئىشقا چاچماس ئىكەنمەن. توۋا دەيمەن، ھۆكۈمەت ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويىدۇ - يۇ، يەنە نېمىشقا شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىگە بولمايدۇ؟ كۆزۈم ئېچىلماي، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرگۈچىلىكىم بولمىغان بولسىدى، بۇنچە ئەلەم تارتماس ئىدىم. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كاللامدا تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار ھۆكۈم سۈرىدۇ.

باشلىقنىڭ بالىلىرى ياكى يېقىنلىرى نېمىدېگەن تەلەيلىك. ئۇلارغا ئىش دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ. ھايات، تۇرمۇش ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى گۈزەل. لېكىن بۇ جاھان مەن ئۈچۈن ناھايىتى تار، ھەتتا پۇت تىققۇدەكمۇ ئورۇن يوق. خۇددى كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن يېتىم بالىدەكلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

خىزمەت، شتات دېگەن نەرسىلەر زادى قانداقتۇر؟ تەمىنى تېتىپ باققىلى بولسىدى، ئېلىپلا يۇتۇۋېتەتتىم. زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. باشلىقنىڭ سايىسىنى ئايدا بازارغا ساپتۇ دېسىمۇ، چىقىپ سېتىۋالغۇدەكلا يەرگە يەتتىم.

شۇ خىياللاردا كېتىۋاتسام كەينىمدىن بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چۇغلۇق! — كەينىمگە ئۆرۈلمەي تۇرۇپلا يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ كەتتى. كۆڭۈلنىڭ ئۇلۇغلۇقى راست بولسا

كېرەك. ئەسلىدە مېنى توۋلىغان قەدىردان ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ بەكلا ھودۇقۇپ كەتتىم.

— ياخشىمۇسىز؟ — ئارانلا شۇنداق دېيەلىدىم.

— ياخشىمۇسىز، قاچان كەلدىڭىز؟

— ئەتىگەن، سىزچۇ؟

— بىز تۆۋەنگە چۈشكەن، كەلگىنىمگە بىر ئايچە بولۇپ قالدى.

— شۇنداقمۇ؟ — نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قارىغۇم يوق. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن!

— ھە، ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، — ئۇنىڭ ئالدىدا ئابرۇيۇمنى چۈشۈرگۈم كەلمىدى. پۇنى قارىسغىلا ئېيتىۋەردىم، — ئۇلار مېنى ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىغا تەقسىم قىپتىكەن، مەن ياقتۇرماي تۇرۇۋاتىمەن.

— ئاۋۋال ئىشلەپ تۇرۇپ، شتات ئېلىنىۋالغاندىن كېيىن، يۆتكىلىپ كەلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئاۋۋال يولىنى قىلغاچ تۇراي دەيمەنغۇ؟

— ئەمدى بىز كەلدۇق. كەتكۈچە مېنى ئىزدەڭ، ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، يولۇمنى مېڭىۋاتقانلار بار.

— ئەمىسە بوپتۇ، — نېمىشقىدۇر ئۇ بىر قىسمىلا كۈلۈپ قويدى. كۈلكىسىگە سەل - پەل مەسخىرە ئارىلاشقاندەكمۇ قىلاتتى، يەنە تۇرغۇدەك تاقىتىممۇ قالمىدى. يۈزۈم لەپپىدە ئوت ئېلىپ، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ كەتتى. يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەكلا ھالغا يېتىۋاتاتتىم.

— خوش، — دېدىم - دە، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم.

— توختاڭ، چۈغلۇق، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى.

— ئەمدىما، ھاجىتى بارمۇ؟
— ھاجىتىغۇ يوق، شۇندىمۇ ئۆتكەن ئىشلارغا چۈشەنچە بېرىشىمگە بولار؟
— ئۆز ۋاقتى بولسىغۇ مەيلىدى. ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى ئالللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ. ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادىمىم بار، خوش ئەمىسە، — دېدىم ـ دە، پېشىمنى قېقىپلا كېتىپ قالدىم.
ئېيتقىنا دوستۇم، مەن كىمگە كۆڭۈل بۆلىمەن، كىمگە؟ كىممۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنىدى؟ زۇليارمۇ؟ ئۇ ئۆتكەن ئىشلار، ئۇمۇ ئەمدى ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىمۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا ئۇچراتتىم، تۇزۇك پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدۇق. ئوبدان بولدى. ئۆز ۋاقتىدا قىلغانلىرىم ئەمدى ئۆزۈمگە يېنىۋاتسا كېرەك؟ مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ئىللىقلىقىنى زەررىچە ھېس قىلىپ باقمىدىم. ياشاۋاتىمەن دېيىشكە توغرا كەلسە، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇچۇن، ئاتا ـ ئانام ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن، خالاس. مەنمۇ باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە موھتاج. لېكىن ھازىرقى مۇھەببەتمۇ مال ـ دۇنيا ۋە سېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭغا بېقىپ بولىدىكەن. ھېچكىم سېنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىڭ ۋە ساپ قەلبىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن. گۈزەل چىرايمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئارا بولالمايدىكەن.
راستىنى ئېيتسام، قەدىردانىنى ئىنتايىن سېغىنغان ئىدىم. كۆرۈپ مۇرادىمغا يەتكەن، قەلبىمگە ئازغىنا تەسەللى تاپقان بولسامۇ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمدىن تۇغۇلغان نەپرەتنى بېسىپ قالالمىدىم. يىلار مېنى تاۋلىدى ھەم تاۋلاۋاتىدۇ. ھازىر ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالدىم. لېكىن قەدىردانىغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىمدىن تېخى يانغىنىم يوق. ئەكسىچە شۇنداق بىر ئىرادە — غەلىتە مەقسەت كۆڭلۈم-

كۈنگە چىقىپ ھەم روشەنلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ كەرىمە نادىرنىڭ ھېلىقى سامانيولى، دېگەن رومانىنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن. بەلكىم بىر كۈنلەردە قەدىردانىمۇ ماڭا چەكسىز ئۆكۈنۈش بىلەن تەلمۈرۈپ قالار.

بۈگۈن گەرچە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، ماڭا ھەممىلا نەرسە خۇددى كەچ كۈزنىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرىدەكلا سۆرۈن كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭدەك بەختسىزدىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە شۇنچە خۇشالدۇ؟ باپكارنىڭ مۇكىسىدەك غۇرقىراپ ئۆتۈۋاتقان كىچىك ماشىنىلاردا ئاللىكىملەرنىڭ مەغرۇر چىرايى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە دەردمەنلەرنىڭ ھالى دەيدىغان كىچىككىنە ئۇقۇم مەۋجۇتمىدۇ؟ ھەيتاڭەي، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ ئورنىلا ھەقاچان. كىممۇ يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن كەتمەننى ئوڭ - تەتۈر چاپمايدۇ، دەيسەن؟ ھېلىمۇ خۇدا ئۆلۈم دېگەن نەرسىنى يارىتىپتىكەن. قانچە قىلساقمۇ، كىمنىڭ قولىدا قالغان جاھان دەيسەن بۇ؟ كونىلار: تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇنى بەك يامان دېيىشىدىكەن. پاھ، بۇ قاراڭغۇلۇق نېمىدېگەن ئۇزۇن! مەن تاڭنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

شۇ خىياللاردا ئىشىك ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. دەرۋازا ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا يولغا قاراپ قىيپاش ئۆسكەن سېرىنگۈلنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىمچە، بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم.

ئاھ خۇدا! ئىشىنىڭ يولى نەدىدۇر؟ كاللامدا غەلىتە بىر خىيال غىل - پال ئەكس ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە بۇ خىيالدىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدتەك بىلىنىۋاتىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم. تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىڭدا ھەرگىز مەندىن يىرگەنمە. سەن بەلكى ھېلىقى ساپ نىيەت، ئاق

كۆڭۈل چۈغلۈق ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشۇڭ، ياش تۆكۈشۈڭ مۇمكىن. سەن قانچە ئاق كۆڭۈل بولساڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلىدىكەنسەن. چۈنكى سەن كىشىلەر نەزىرىدە ئەخمەقتە. ياشاشنىڭ ئۆزى جەڭگە ئوخشايدىكەن. كونىلار «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ»، دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن. شۇ تاپتا مەن ياشاش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان ئادەم ئەمەس، بەلكى ياشاش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. موھتاجلىق نېمىنى قىلغۇزمايدۇ؟

ئۇزاق بولدى، دادامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن جىمغۇرلىشىپ كەتتى. خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا قالغاندەك دائىم ھارغىن يۈرۈيدۇ. بەلكىم بىر مەزگىللىك ھېسسىياتقا تايىنىپ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن، ئالدىمىزدا خىجىل بولسا كېرەك. بۇنداق بولغاندىن كېيىن مەنمۇ ئېھتىياجىم، خىزمىتىم توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئارتۇق بىر نېمە دېمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ يوشۇرۇن خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى ئۇقتۇق. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئاياشقا توغرا كېلىدىكەن. ھەتتا بەزى چاغدا ئۇ ماڭا ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىمەن. بۇ بەختسىزلىكىمنىڭ تۈپ سەۋەبچىسى ئۇ ئەمەستە. ئۆز ۋاقتىدا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كەتكەن بولسام، بارلىق ئازابتىن بىر يولى قۇتۇلغان بولاتتىم. ئاپامنىڭ ھالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا گېپىنىمۇ جايلاپ قىلالمايدۇ. ئاكام ھېلىقى كەتكەنچە ئىچكىرىدىن تېخى قايتقىنى يوق. يەڭگەمغۇ ئەرگە سادىق، خۇدانىڭ ئەڭ مۆمىن بەندىسى، مانا شۇنداق شارائىتتا باشقىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. . .

بىزنىڭ بىر شىرەم تۇغقىنىمىز بار، ھازىر ئۇ قايسىبىر ئىدارىنىڭ جۇيجاڭى. ئۆتكەن بىر كۈنى كادىرلار ئىدارىسىدىن چىقىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ‹ جۇرۇڭ، بۇلۇمگە كىرىڭ، بىردەم پاراڭلىشايلى› دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق بىر مۇڭدىشىشقا زار بولۇپ يۈرگەن مۇشۇ كۈندە بۇنداق گەپلەر مەن ئۇچۇن تېپىلمايدۇ ــ دە...»

چۇغلۇق قەلىمىنى قويۇپ ئىختىيارسىز خىيالغا كەتتى. بىر چەتتە ئاكىسىنىڭ ئوغلى نجات تاتلىق ئۇخلاۋاتتى.

چۇغلۇقنىڭ كۆز ئالدىدا باداڭ قورساق بىر گەۋدە ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى:

— شۇنداق چىرايلىق قىز تۇرۇپ، بىكار يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىۋاتامسىز؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — چۇغلۇق پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، شەلپەردەك قىزاردى.

— قايسى كۈنى دادىڭىزنى كۆرگەن ئىدىم. ھە.... راستىنى ئېيتسام، سىزگە كۈچلۈك تىرەك بولمىسا، ئىشلىرىڭىزدا ئۈمىد يوق. جەمئىيەتتە سىزدەكلەر ئاز ئەمەستە.

— لېكىن مېنىڭ تەلىپىممۇ يۇقىرى ئەمەسقۇ؟

— شۇنداقمۇ دەيسىز، يىغىپ كەلگەندە ئادەم جىق، بۇ كۈندە پۇل بىلەن ھوقۇق بولمىسا جان باققىلى بولمايدۇ.

— بولدى، قانچىلىك پۇل بولسا بىز بېرەيلى. سىز بۇ يولۇمنى راستتىنلا مېڭىپ بېرەمسىز، رەھمەت ئاكا؟

— ھەي، ئۇنداق دېمەڭ، بىز دېگەن ئۆز تۇرساق، ھايتلا دەپ قويسىڭىز ئىشلىرىڭىزنى غاچچىدە توغرىلىۋەتمەمدۇق؟

— راست، — چۇغلۇق كۈلۈپ قويدى، — سىز دېگەن جۇيجاڭ تۇرسىڭىز، بۇنچىلىك ئىش دېگەن قولىڭىزدىن كەلمەمتى؟

ھەر ئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. سىڭىل، ھە راست، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، بىرنەچچىمىز بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېگەن، بارامسىز؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قالغانسىز؟

— بۈگۈن بولماسمىكىن؟

— ئىشقىلىپ ئويلىشىپ بېقىڭ. بىزنىڭ بىر ئاغىنە ئىنىمىز بار ئىدى. سىزنىڭ گېپىڭىزنى بەك قىلىدىغۇ، — رەپقەت ھەييارلىق ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ، چۈغلۈققا قارىدى. چۈغلۈق دەسلەپ رەپقەتكە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى- يۇ، يۈرىكى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك ئەنسىز سېلىپ كەتتى. يۈزلىرىمۇ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك گەپنى يۆتكەپ:

— بۈگۈن راستتىنلا بولمايدىكەن، رەنجىمەڭ - ھە، — دېدى. چىرايىدا بولسا ئازابلىق كۈلكە جىلۋە قىلاتتى.

— ھە - ھە، ھېچقىسى يوق، بۈندىن كېيىن پۇرسەت دېگەن كۆپقۇ، — رەپقەت ياسىداق بۆلۈمنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەدىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ باقمىدىم. قارىماققا خۇشال كۆرۈنگىنىم بىلەن دەردىم تولا، ھەي! — ئۇ بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئارىنى ئېغىر جىملىق باستى. چۈغلۈق ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمگە يەر ئاستىدىن سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېشى 35 لەر ئەتراپىدا ئىدى. يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى سېمىزلىكتىن ساڭگىلاپ كەتكەن بولسىمۇ، قويۇق قاشلىرى، چوڭ- چوڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا يەنىلا ئەرلەرگە خاس سېھرىي كۈچ بېغىشلاپ تۇراتتى.

«بىچارە!» چۈغلۈق تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. شۇندىمۇ ھېلىقى ئاغىنە ئىنىسى بىلەن «كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ باقمىدىم» دېگەنلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلدى.

ئىلگىرى چۈغلۈقنىڭ ئانچە خۇشى بولمىسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ

ئۇنى كۆرسە ھالى قالمايتتى. شۇڭا ئۇ ئاغزىدا بولسىمۇ «ۋاي، رەپقەت ئاكا» دەپ قوياتتى. بۇ كۈنگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ھوقۇقدار بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، كىممۇ ئويلىغان؟ ئۆزىغۇ كولدۇرراق كۆرۈنىدۇ. بىراق ئادەمنىڭ سىرتىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ ـ دە.

چۇغلۇقنىڭ خىياللىرى مۇشۇ يەرگە كەلگىنىدە، ئىختىيارسىز لەسسىدە بولۇپ قالدى ـ دە، قولىدىكى قەلەمنى ئاچچىق بىلەن پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

## 16

ھۆرمەتلىك كىتابخان، تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى ئادەم ئۆزى سۆزلىگەنگە قارىغاندا ئۇقۇشلۇق بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى يەنە بىر ئاز ۋاراقلاپ باقساق. ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىپ قالار. قېنى ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ!

«قەدىرلىك دوستۇم خەمىدە، ياخشىمۇسەن؟ چەكسىز سېغىنىش ئىچىدە يېزىلىۋاتقان بۇ خېتىمنىڭ ھەربىر قۇرى ساڭا يۈرەك قېتىمدىن ئۇرغۇغان، ئىنسان، جۇملىدىن ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئاجايىپ يارقىن دوستلۇقنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى يوللىماقتا.

بۈگۈن شەنبە. كېچە سائەت 12 بولايلا دەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، يالغۇز ئۆيدە جىمدەك ئولتۇرۇپ، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا سىرتتا ئىنسان كومېدىيىسى ئۆز يولى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. پەقەت مەنلا ئۇنىڭدىن مۇستەسنا.

قەدىرلىك دوستۇم، ھايات، بولۇپمۇ قىزىق ھايات نېمىدېگەن سىرلىق.

تۇغۇلۇپ قاپتىمەن پۇشايمىنىم كۆپ،
كۆڭلىرىم ئۆتمەكتە ئازاب ئىلكىدە.
مۇھەببەت ۋە نەپرەت چىرماشقان دۇنيا،
تۆرىلىپ باراركەن ئىنسان قەلبىدە.

شۇ تاپتا گېپىمنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن. توغرا، رەپقەتكامنىڭ ھېلىقى ياسىداق بۆلۈمىدىن باشلىسام بولغۇدەك.

ئۇ ھېلىقى كۈنى ماڭا ھايتلا دەپ قويسىڭىز، غاچچىدە توغرىلىۋەتمەمدۇق دېمىگەنمىدى. ئاخىرى بارلىق يەردىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن، يەنىلا «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ئۇنى ئىزدەپ باردىم ھەم ھە دېمەيلا گەپنى چاقچاقتىن باشلىدىم.

— دۇنيادا ئۆيدە بىكار ئولتۇرماقتىن تەس ئىش يوقكەن جۇمۇ. خىزمەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، خەپ قېرىغاندىمۇ پېنسىيىگە چىقمايمەنغۇ تازا.

— ھە كۆرەرمىز. تۆت كۈن ئىشلەپ زېرىكەرسىز؟

— ھەيتاڭەي.

— قاراڭ ئۇكام، مۇنداق بولسۇن. مۇشۇ شەنبە كۈنى چۈشتە بىر دوستىڭىزنى ئېلىپ، يولغا چىقىپ تۇرۇڭ. مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار. سىزنىڭ ئىشىڭىز پۈتىدىغان ئورۇندىكىلەرنى جۈيجاڭ ـ پۈيجاڭلىرى بولامدۇ، ھەممىسىنى تىترىتىۋېتىدۇ، دەڭا، — ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن شۇنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن باراي. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر يەردە بېرىپ ئولتۇرايلى. كەچتە ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ قويساق بولىدىغۇ؟ بۇنداق قىلىشىمىزمۇ سىز ئۈچۈن دەڭە. مۇنداقلا تونۇشتۇرغاندىن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئالايتەن تونۇشتۇرغان باشقىچە بولىدۇ ـ دە، قانداق دېدىم؟

جېنىنىم خەمىدە، نېمىمۇ دەي؟ بىر تەرەپتە ئىززەت ـ

ھۆرمىتىم، بىر تەرەپتە ئىستىقبالىم. ھەر ئىككىلىسى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى يېگىلى، كىيگىلى، پۇل ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولامسا؟

ئادەم دېگەن ئىتقا ئوخشاش بولىدىكەن، سەن ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ بىلەن يۈرۈپ، كىشلەرگە قانچە سەمىمىي مۇئامىلە قىلساڭ، سېنى شۇنچە كۆزگە ئىلماي ئەخمەق قىلىشىدىكەن. ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دېگەندەك، سەن ئەسكىلىشىپ، يۈرىكىڭ يوغىناپ، كېرىلگەنسېرى، خەقمۇ ساڭا شۇنچە خۇشامەت قىلغىلى تۇرىدىكەن. ئامەت كەلسە قوش كېلىپ، ئىشلىرىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۈمىد قالمىغاندىن كېيىن، ئىستىقبال ئۈچۈن ئاخىرى ماقۇل بولدۇم. بىرەر قېتىم بارغانغا نېمە بولاتتى؟

يۈرىكىمگە ھەقىقىي قول سېلىپ باقسام، مېنىڭمۇ بۇنداق قىلغۇم يوق. بىراق ئامال قانچە؟

ئاھ جېنىم خەمىدە، ئويلاپ باق، بىز ياشاش ئۈچۈن نېمە دېگەن زور بەدەل تۆلەۋاتىمىز ـ ھە؟ مەن كېچە ـ كۈندۈز ئاللادىن ئىشىمىزنى ئاسان قىلىشنى تىلەيمەن. لېكىن ئاللا ئىنساپ بەرگەن كىشلەرگە بەخت ـ سائادەت بەرمەيدىكەن. . . بوپتۇ. بۇمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد.

شەنبىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە يېتىپ كەلدى، خەمىدە، ئىلگىرى خەق تەقدىر دېسە، مەن ئىشەنمەيتتىم. بۇ قېتىم تەقدىرگە باش قويۇپ، سەجدە قىلغۇدەك يەرگە يەتتىم. نېمىشقا دەيسەن؟ قىزىق. رەپقەتكام كىمنى باشلاپ كەپتۇ دېمەمسەن؟ قەدىردانىنى، پەرۋەردىگارىم، ئۇنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. . .

بىز دەسلەپ بىر قەھۋەخانىغا كىردۇق. كەچتە تانسىغا باردۇق. بۇ جەرياندا ساڭا سۆزلەپ بەرگۈدەك ئالاھىدە ئىش بولغىنى يوق. تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىنساپىغا رەھمەت دەپمۇ

ئويلىدىم. بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. نېمىسىنى ئېيتىپ، نېمىسىنى قوياي؟ ئىشقىلىپ تەكلىپ قىلىشلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. ئاخىرى مېنىڭمۇ سەۋر - تاقىتىم چەككە يەتتى. نېمىشقا دەيسەن؟ ئاڭلىسام خەق رەپقەتنىڭ ئۆيىنى بۇزغان چۈغلۇق ئىكەن، پات ئارىدا توي قىلىدىكەن دەپ يۇرۇشكۇدەك. تۇۋا خەمىدە، بىر چاغلاردا گېپى چىقىپ قالغان قىزلارغا خەق ئۇنداق دەيدۇ، بۇنداق دەيدۇ دەپ باشقىچە قاراپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، شۇ قىزلارمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئىشنى ئاقتۇرالماي بىكاردىنلا تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن چېغى. مەنمۇ بەلكىم، بىر كۈنلەردە خۇددى شۇلارغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ ئاسارەتتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلالمايمەنمۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلىسام پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ. خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. جېنىم خەمىدە، مەن بۇ قاينامغا بەكمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. . .

مەن بۇ ئىزا - ئاھانەتنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەي؟ ھېلىقى قەدىردان دېگەن نەرسىنىڭ ۋىجدانى ئۆلگەنمۇ - نېمە؟ ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتىغۇ؟ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى يوق. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن، ئەمدى توختاپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ خۇددى ھايات - ماماتلىق جەڭگە ئوخشاپ قالدى... شۇنىڭ بىلەن مەن رەپقەتكامنى ئاشكارا ئىزدەپ باردىم.

— بۇ ئىشنى قانداق قىلىمىز، رەپقەتكا، ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمايدىغۇ؟

— ئۆزۈڭلار قونداقچا چىقىۋالساڭلار قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ تەكلىپ قىلساق بارمايدىكەنسىز - يا، ئاشۇنداق قىلسىڭىز

يولىڭىزنى ماڭالمامدۇق نېمە؟ — ئۇ ماڭا ھەم چاقچاق، ھەم سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم خۇددى بىر سوغۇقتىن غۇژژىدە قورۇلغاندەك بولدى. ئاچچىقتىن لەۋلىرىم قۇرۇپ، مېڭىلىرىم چىڭقىلىپ كەتتى. قىزلىق غۇرۇرۇم تىنىمسىز چۇقان سالماقتا ئىدى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىش مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا باغلىق بولۇپ قاپتۇ - دە... مەن ئۇچۇن باش قاتۇرغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت، سىزنى قۇرۇق ئاۋارە قىلغۇچە، ئۆزۈملا بېرىپ قەدىردانىنى ئىزدەي، يات ئادەم ئەمەسقۇ، ئۇ قولىدىن كەلسىلا ياردىمىنى ئايىماس، — دېدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— مەيلى، بېرىپ بېقىڭ، بىراق سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي. ئۇ بۇرۇنقى قەدىردان ئەمەس، ئايالى، بالىسى بار قەدىردان. ئۆز ۋاقتىدىمۇ سىزنى تاشلاپ كېتىپتىكەن. ئەمدى ئەسقېتىپ قېلىشىمۇ ناتايىن. يەنە بىر گەپ ئۇنىڭغا ئۇنچىمۇ ئۈمىد باغلاپ كەتمەڭ. ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇ كېتىدۇ، يەنە سىز بىلەن بىز قالىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ھازىرقى ئايالىنى ئالغىنىدىن بەك خۇشكەن، چۈنكى قېيناتىسى باشلىق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بۇ گەپلەرنى خۇددى مېنى مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا ئېيتىپ تۈگەتتى.

— ئۇنچىمۇ چوڭ سۆزلەپ كەتمەڭ، رەپقەتكا، قىز بالا دېگەننىڭ يۇرتى يوق، مەن نەلەرگە كېتىمەن، سىز نەدىن بىلىسىز؟ ھىم، قەدىردانىنى قانداق قىلىمەنكىن كۆرۈپ قالارسىز! مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن، ئەمدى ۋاستە تاللىغۇدەك ئورۇن قالمىدى.

بۇ گەپلەرنى قانداق جاسارەتتە دېدىم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران. شۇنداق قىلىپ مۇناسىۋەتنى تېزلا ئۈزۈپ چىقىپ كەتتىم. قارىسام، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغاندەكلا

تۇرىمەن. ھامان خەقنىڭ نەزەرىدە يامان ئاتلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشنى باشتىنلا باشلاش نىيىتىگە كەلدىم.

راستىنى ئېيتسام، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ھاقارەتلىك تۇرمۇش نەدە بار، دەيسەن؟ ھېلىقى كۈنى يېرىم كۈن شۇلار بىلەن بىرگە يۈرگىنىمگە بۇگۈنگە قەدەر ئازابلىنىپ كېلىۋاتىمەن. بىر دۆۋە ئەخلەت ئاستىدا قالغاندەك سەسكىنىمەن. ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن. قايتىدىن تۇغۇلغۇم كېلىدۇ. خۇددى مەن پاكلىقىمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئىچ - ئىچىمدىن تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن. قەدىردان دېگەن بىلەنمۇ بۇ نورمال مۇناسىۋەت ئەمەستە. گەرچە مۇشۇ كۈنلەر ئۆچ ئېلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئۇچىنچى شەخس بولۇشتەك نەپرەتلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغۇم يوق. ئۇ چاغدا بىر ئۇنىڭدىن ئەمەس، يەنە ئايالى بىلەن بالىسىدىنمۇ ئۆچ ئالغان بولۇپ قالامدىمەن. ئۇلاردا نېمە گۇناھ. ياق، قەدىردان مېنى قانداق تاشلىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى شۇنداق چۈشۈرۈپ، ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەن ئۇچۇن يوللۇق. چۈنكى ھاياتىمدا ئۇ قالدۇرغان بوشلۇق ئاز ئەمەستە؟

تېگى يوق، قارىمۇقارشى خىياللار قايىنىمدا خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك ئاجايىپ بىر خىل گاراڭلىق ئىچىدە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇنىڭ مېنى قانچىلىك قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى سەن تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن. ھەتتا مەنمۇ قايسىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق، ئۆسۈش ئالدىدا تۇرغان باشلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئايرىيالماي قالغىلى تاسلا قالدىم.

— قەدىردان، ئاڭلىسام يەنە بىر تۈركۈم شتات كەپتۇ. ھازىر جىددىي مۇزاكىرىدە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلارنى قانداق بولۇپ كەتتىكىن، دەپ سىزنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، قانداق ياردەم قىلالىغۇدەكسىزمۇ؟

— ھە، چاتاق يوق، بۇ قېتىم چوقۇم ھەل بولىدۇ. . .

رەپقەت ئىككىمىز سىزنى ئىزدەپ مەھەللىڭىزگە نەچچە باردۇق. كوچىغىمۇ چىقمايدىكەنسىز، پەقەتلا ئۇچرىتالمىدۇق. ئۆيۈڭلارغا ئۇسۇپلا كىرىشتىن تېخى خىجىل بولدۇق. مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار ئىدى.

— ۋاي ئىسىت! ۋاقتىدا ئۇچرىشالماپتۇق - تە، بېرىۋەرسەڭلارچۇ؟ — شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن؟ گۆشنى قانچە ئۇزاق قايناتساڭ، شۇنچە پىشقانغا ئوخشاش، تۇرمۇش قاينىمىدا كۆپ چۆرگىلىسەڭ، شۇنچە پىشىدىغان گەپكەن. مەنمۇ ھە دېمەيلا، ھۆل خىشنى قويغىلى تۇردۇم، — ئۆزۈم ئىزدەي دېسەم، پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم، ھېلىمۇ كېچىكمەسمىز، ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ؟

— ھە چۇغلۇق، مۇشۇ گېپىڭىزدە تۇردۇڭ - ھە؟

— ۋىيەي، سەھرالىق دېگەننى بىلىسىزغۇ، ساددا بولغان بىلەن گەنجىڭ كېلىدۇ دەڭە.

بۇ گېپىم ئىككى بىسلىق چىققاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بۇ قەدىردان تۇرمۇشۇمغا قايتىدىن كىرىپ كەلگەندىن بېرى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆز ئىشىمنى ھەل قىلىشقا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرچە خۇدايىم ساقلا!

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاۋغۇست گۈزەل ھۆسنىنى كۆز - كۆز قىلىپ ناز بىلەن كۈلمەكتە.

قەدىرلىك دوستۇم، بۇ بەتلەرنى يېڭىراقتا بىر تويدىن قايتىپ كېلىپ يېزىۋاتىمەن. باشتا كېچە سائەت 12 بولغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدىم. تۆۋەندىكى ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولسا، بەلكىم بۇنچە كېچىدە قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرماس ئىدىم.

ھازىر مەن ئىنتايىن خۇشال. مەن تېخى ئۆلمەپتىمەن.

قەدىرداندىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى، قەلبىمدە مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت، ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. لېكىن يەنە بىر مۇھەببەت، ئەزەلدىن بار بولغان، تېخى قەدىرلەنمىگەن بىر مۇھەببەت مېنى چىللاۋاتىدۇ، ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەۋاتىدۇ، روھىمنى ئاستا - ئاستا ئويغىتىۋاتىدۇ. بىراق مەن ئۇنىڭغا قانچە تەلپۈنگىنىم بىلەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇ شۇنداق بىر ئېسىل يىگىت تۇرسا!

ھېلىقى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك چىرايلىق قېشى بار زۇلىيار ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بۈگۈن تويغا شۇمۇ بېرىپتىكەن. قايتقاندا مەن يالغۇز قالدىم. كىمنىڭمۇ ئەمدى بۇ نامى سېسىق چۈغلۇقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغۇسى كەلسۇن دەيسەن؟ لېكىن يەنىلا شۇ زۇلىيار ئەسقاتتى.

ئەتراپ ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. ئىككىمىز گەپ - سۆزسىز مېڭىپ، ئۆيگە يېقىنلاپ قالدۇق. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا گەپ باشلاپ قالدى:

— چۈغلۇق، سىزنى ھېلىقى رەپقەت جۇيجاڭ بىلەن توي قىلىدىكەن دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— راست.

— نېمىشقا؟ — ئۇ دىققىدە چۆچۈپ كەتتى. مەنمۇ قارىسىغىلا جاۋاب بەرگىلى تۇردۇم. ئۆزۈمنى ئاقلاش نىيىتىممۇ يوق. ئۇنى قانچە ياخشى كۆرسەممۇ ئەمدى بەرىبىر. مەن دېگەن يامان ئاتلىق تۇرسام.

— شۇمۇ گەپمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. سىزمۇ بىرىنى تاللاپسىزغۇ؟

— ئاشۇنىما؟ ... ھىم... ئۆتكەندە تاللاش نىيىتىگە كەلگەن، لېكىن سىزنى ئۇنتۇيالمىدىم...

— شۇنداقمۇ؟ .. ئۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەمتى؟

— ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق، لېكىن. . .

— ھە دەۋېرىڭ.

— كېيىن سىز پۇشايمان قىلماسسىزمۇ؟

— نېمىشقا پۇشايمان قىلغۇدەكمەن، ئۇ دېگەن جۇيجاڭ تۇرسا.

— چۇغلۇق، ماڭا قاراڭ. بۇ ھەرگىز سىزنىڭ سۆزىڭىز ئەمەس. سىز بەلكى. . . كۇنلەردىن بىر كۇنى ئۆزىڭىزنىڭ تالاي ئىشلارغا ھەقلىق تۇرۇقلۇق بىھۇدە قۇربانلىق بەرگەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز. بىھۇدە ئۆتكەن ياشلىقىڭىزغا قاتتىق ئېچىنىسىز، بىراق ئۇ چاغدا ئامالىڭىز يوق. . .

— بولدى قىلىڭ، گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق.

— ئۇنداق دېمەي، ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ. مەن خېلىدىن بېرى سىزگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. سىز ئىلگىرى مۇشۇنداقمىدىڭىز؟

— زۇليار، بۇ گەپلىرىڭىزنى كىمگە دەۋاتىسىز، ماڭىما؟ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنكەنسىز دەڭە قېنى، مېنىڭدەك ئاتىقى يامان قىزنى كىممۇ ئالار؟ — ئۇنلىرىم بوغۇلۇپ كەتتى، راستىنى ئېيتسام، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قېلىۋاتاتتىم.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، ئەگەر سەۋەبىنى مۇشۇلا دەيدىغان بولسىڭىز، رەپقەت جۇيجاڭدىن سىزنى تالاشقىنىم تالاشقان.

— سىز. . . — ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى قانداق بىلسۇن؟ جېنىم دوستۇم، شۇ چاغدا قەلبىم شۇنچىلىك داۋالغۇپ كەتتىكى، ھاياجاندىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. بۇ، مانا مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى مەن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئەڭ سەمىمىي سۆز ئىدى.

— مەن سىزنى زورلىيالمايمەن، ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ.

ئاغزىمغا بىر ئېغىز گەپمۇ كەلمەي قالدى. يىغلىۋەتمەسلىك

ئۇچۇن لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلىۋالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۆكـۈم چـۈشۈپ قالسىمۇ ئېلىپ بېرىدىغان ئادىمىم يوق دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەسلىدە قولىياغلىقىم چۈشۈپ قالسىمۇ ئېلىپ بېرىدىغان ئادىمىم بار ئىكەنغۇ؟ نېمىشقا ئاران كەلگەن، ماڭا تېگىشلىك بولغان بەختنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇدەكمەن؟

ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ كەتتۇق. بەختلىك ئۆتكەن ئوتتۇرا مەكـتـەپ ھـايـاتىمىز كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشـلـىـدى. ئـۇ لەپىلدەپ ياغقان قارنى، يەنە كۆزنى ياخشى كـۆرەتـتـى. ئـاھ، قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى ـ ھە؟ بىراق ھـازىـرچـۇ؟ ھـەمـمـە نەرسە ئۆزگەرگەن، گۈزەللىكنى تۇمان باسقانىدى. ئاستا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.

ئەنە مەنمۇ تۇمان ئىچىدە لەيلەپ يۈرىمەن. زۇليار قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگىنىچە، يىراقتىن كېلىپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. بىراق باشقا بىر جۈپ قول كېلىپ، ئۇنى سىلكىپ ئېلىپ كەتتى. بـۇ ئـۇنـىـڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يۈرىكىم چىممىدە قىلىپ ئېچىشىپ كەتتى.

دەل شـۇ چـاغـدا قـوشنىمىزنىڭ بوغىسى توۋلاپ قالدى. قەدىرلىك دوستۇم، ئۇنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ تورۇپ ئويلىساڭ بەك كۈلكىلىك. سوزۇپ چاقىرغان زىل ئاۋاز.

ھەر ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. دەل شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە قەلبىمنى باشقىچە ئاجايىپ نازۇك، ئىللىق بىر سېزىم چـۇلـغـىـۋالدى، قەلبىمدىن ۋۇجۇدۇمغا قەدەر خۇددى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇندالغان ئەڭ نادىر مۇزىكا سىڭىپ بارغاندەك، تـومـۇرلـىـرىـمـدا يېقىملىق بىر سىمفونىيە ئەكس سادا بىلدىن يـاڭـرىـدى، ئـۆزۈمنى قايتىدىن تۇغۇلغاندەك، خۇددى زەمزەم سۈيىدە يۇيۇنغاندەك يېنىك، غۇبارسىز ھېس قىلدىم.

قـەدىرلىك دوستۇم، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن

قانچە قۇۋلۇق قىلغانسېرى، قەدىردان دېگەن تولكە مەندىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭغا قويرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتقىلى بولمىغۇدەك. ئىشلىرىمدا كۆپ ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەن بىلەن ئوبدانىراق بىر پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. ئەتە ئۇ مېنى بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن ماقۇل بولدۇم، ناھايىتى كەلسە، ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى يۈرگىنىمىغۇ. ئاۋۋال ئىشىمنى ھەل قىلىۋېلىپ، پۇرسىتى كەلگەندە شۇنداق بىر جايلايمەنكى ... ئاھ! يېنىمدا زۇليار، كاللامدا ئېزىتقۇ خىياللار. بىر يېنىمدا ئەڭ سەمىمىي مۇھەببەت ھەم گۈزەل ھايات، يەنە بىر يېنىمدا خورلانغان تۇنجى مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان، شۇنداقلا يەڭگىلى بولمايدىغان غەزەپ-نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت! مېنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويغۇم يوق. لېكىن مەن مۇشۇ ھالىتىم بىلەن زۇليارغا، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي قەلبىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ناۋادا قەدىردان بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام، مەن ئىشلىرىمنى قانداق ھەل قىلغان بولاتتىم؟ مەن زادى قانداق ئىنسان؟

كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇپ قالدى-دە، زۇليار بىلەن تېزلا خوشلىشىپ قايتىپ كىردىم. بۈگۈن كېچە ئۇخلىيالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

خەير دوستۇم، ئەتە ئۇچۇن بەخت تىلە.»

## 17

بۈك-باراقسان ئورمانلىق، يېقىنلا يەردە دەريا سۈيى شارقىراپ ئاقماقتا.

قەدىردان ئۆزى ئېلىۋالغان چاققانغىنا پالاسنى قويۇق دەرەخ شاخلىرى قارامتۇل سايە تاشلاپ تۇرغان يېشىل چىملىق ئۈستىگە

ئەكىلىپ سالدى. چوغلۇق قولىدىكى كىچىككىنە سومكىسىنى ئوينىغىنىچە، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دەريانىڭ دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈيىگە قاراپ تۇراتتى.

— قېنى كەلمەمسىز؟ بۈگۈن نېمانداق مۈڭلىنىپ قالدىڭىز؟ كۈلۈپ ئولتۇرۇڭا، بۇ كۈن قولغا ئاران كەلدى، — ئۇ خۇشال ئىدى. ھېچ ئىككىلەنمەيلا كېلىپلا چوغلۇقنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، پالاس ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. چوغلۇقنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى توك تەپكەندەك جۇغىلدە بولۇپ كەتتى. قەلبىدىكى ئۆزگە بولغان يىرگىنىش بىردىنلا باش كۆتۈردى. خۇددى نىجاسەتتىن قاچقاندەك، ئىتتىكلا قەدىردانىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

بۇ بىر ئايالى بار ئادەم، يەنە تېخى بالىسىمۇ بار. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ ياكى غۇرۇرۇم ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىمنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ بۇ غۇرۇر ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلىش بولماي نېمە؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يەنە قۇربانلىق بېرىشىم كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلىمۇ بار ئىدىغۇ؟ نەچچە يىلدىن بېرى يەنىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇسام بولماسمىدى؟ ئالتۇن توپا ئاستىدا قالمايتتىغۇ؟ ئاھ، زۇليار! بۇ مەنزىرىنى كۆرسەڭ مېنى كەچۈرەرسەنمۇ؟ ھۇ ئىپلاس، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن نېمە؟ بىر پارچە نان تاشلاپ بەرسە ناىناقلاپ كېتىدىغان ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك خىزمەت، بىر شتات ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىممۇ - يا؟ مەن نېمىدېگەن دۆت! ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن پەقەت بىر كۆڭۈل خۇشى ئىكەنمەن، خالاس. ياق، ئەمدى مەن يەنە قۇربانلىق بەرمەسلىكىم كېرەك. بەس، يېتەر ھەممىسى! بۇ خىياللار چوغلۇقنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىچىك ماشىنىغا چۈشۈش بىلەن تەڭلا ئەقلى يورۇغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ

كەتتى. قەدىردان ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ كەلگەنىدى.

— قەدىردان، مەن بېرىپ يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەي.

چۇغلۇق ماشىنىغا چىقتى - دە، رولغا ئولتۇردى.

پەرۋەردىگارىم، بۇنى قانداق باشقۇرىدىغان بولغىيتتى؟ ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاچقۇچنى بىرلا بۇرۇۋېدى، ماشىنا غارلا قىلىپ ئوت ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا قېچىشتىن باشقا ئوي يوق ئىدى.

— چۇغلۇق نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — قەدىردان چۆچۈپ ۋارقىرىدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى.

— نېمە قىلىۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان. مەن كۈتكەن پۇرسەت ئاخىرى كەلدى. قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتەۋاتىمەن.

— چۇغلۇق، سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز!

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئىلگىرى نەپرەت مېنى ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن سەمىمىي، پاك مۇھەببەت مېنى ئويغاتتى. سىز باشلىق بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە. لېكىن مەن نەزىرىڭىزدە نېمە؟ كۆڭۈل ئاچىدىغان قورچاقمۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەنىمىڭىزگە يەتكۈچە دەسسىدىم. بولدى ئەمدى. مەن بۇ سودىنى قىلالمىغۇدەكمەن. خىزمەت ئىشلىمىسەم ئىشلىمىدىم. ماڭا ھاياتلىق، ئادەمگە خاس ھاياتلىق كېرەك. مەن ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتكە تەشنا. سىز بۇ توغرىسىدا ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن كۆپ ئويلاندىم. سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى بەك ئىپلاسكەنسىلەر. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دەپ، سىز ئانىڭىزدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپسىز. ھىم، مەن بولسامۇ ۋىجدانىم بىلەن ياشاپ ئۆلەي. قەدىردان، شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئادەم. ئانىڭىزغا،

ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىزغا ئوخشاش بىر ئايال زاتى. ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭىز نۆۋەتتى كەلسە قىزىڭىزغا ھاقارەت قىلغىنىڭىزغا ئوخشاش، سىز ئادەم ئەمەسكەنسىز. مېنىڭ ئاجىزلىقىمدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭىز. كىم دەيدۇ خىزمەت ئىشلىمىگەن ئادەم جېنىنى باقالمايدۇ دەپ، كۆرۈپ تۇرۇڭ. مەن قانداق ياشايمەنكىن ـ ھە؟!

— چوغلۇق، ئۇنداق قىلماڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتمەڭ. يولغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقنىڭ ئۆزى ئون كىلومېتىر. بۇ يەردە يالغۇز قېلىش بەك خەتەرلىك! — ئۇ ئاستا ـ ئاستا ماشىنىغا يېقىنلاشتى.

— يېقىن كەلمەڭ، يەنە مىدىرلايدىغان بولسىڭىز ماشىنىغا باستۇرۇۋېتىمەن. . . كىم سىزنى شۇنداق يىراق يەرگە كەلسۇن دەپتۇ. خۇدايىمنىڭ يېرى بولا ئەمەسقۇ، مېنى بۇنچە يىراققا ئېلىپ كېلىپ نېمە قىلاي دېگەن ئىدىڭىز؟ ئۆز ۋاقتىدا قىلغانلىرىڭىز يەتمەسمىدى؟

— ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھېچ بولمىسا بالامنى ئويلاڭ.

— بالامنى؟ ھىم، — چوغلۇق ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىز مېنى ئويلىغانمىدىڭىز؟ مەنمۇ بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغۇ، مەنمۇ شۇ بالىڭىزغا ئوخشاش بىر سەبىي قۇش ئىدىمغۇ؟

— چوغلۇق، ئۇنداق قىلماڭ! — قەدىردانىنىڭ تەلەپپۇزى يالۋۇرۇشتىن تەھدىتكە ئۆزگەردى. ئۇ ئىككى قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزلەيتتى، — بۇ بىر جىنايەت، بىر تەرەپتىن، بولاڭچىلىققا كىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنىڭ ھوقۇقىمغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان بولىسىز.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سىزنىڭ قىلغىنىڭىزچۇ؟ گەرچە قانۇندىن ئانچە خەۋىرىم بولمىسىمۇ، بۇنىڭ ئاياللارنى ئالداش

جىنايىتى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.
— ئۇنداقتا ھەر ئىككىلىمىز جازالىنىمىز. ئىستىقبالىڭىزمۇ ۋەيران بولىدۇ.
— ئىستىقبال، نېمە ئۇ ئىستىقبال دېگەن؟ مۇشۇ تاپتا مەندە ئىستىقبال بارمۇ؟ مەندە پەقەت كاپالەتكىمۇ ئىگە بولمىغان كەلگۈسىلا بار، خالاس. ئۆزىڭىزچە مېنى قورقۇتمەن دەۋاتامسىز؟ جىنايەتتىن ئەجەب قورقىدىكەنسىز - ھە؟ بۇرۇنقى چۇغلۇق ئاللىقاچان ئۆلدى. ئەمدى چۇغلۇق شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ كېتىۋېرىدىغان ئەخمەق ئەمەس! — ئۇ سۆزىدىن توختاپ سەل جىممىپ قالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. كۆزلىرى قەدىردانىغا مىختەك قادالغانىدى، — ئىلگىرى سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئۇ مۇھەببەت ئاللىقاچان ئۆلدى، ئورنىدا قالغىنى باشقۇرغىلى بولمايدىغان چەكسىز نەپرەت، ئۇزاقتىن بېرى شۇنداق بىر كۈننى كۈتۈپ كېلىۋاتقانىتىم. بۇ كۈن ئاخىرى كەلدى، خەق سالاپەتلىك، كېلىشكەن، چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە بۇ يىگىتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ قويسۇن!
— چۇغلۇق، سىز ماشىنا ھەيدىيەلمەيسىز!
— توغرا ئېيتتىڭىز. مېنىڭ مەقسىتىممۇ ۋەقە چىقىرىش، شۇ چاغدا سىز پۈتۈنلەي ۋەيران بولىسىز. بۇ سىزگە بېرىلگەن ئەڭ ئاددىي جازا. خەيرخوش!
چۇغلۇق ماي تەپكىسىنى كۈچەپ دەسسىدى - دە، ماينى بولۇشىغا بەردى. ماشىنا دەرەخزارلىق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان تار يولغا خۇددى يادىن چىققان ئوقتەك ۋىژژىدە كىرىپ كەتتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە ئون كىلومېتىر يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولغا قايرىلدى. رولنىڭ ئۇياق - بۇياققا قالايمىقان بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ماشىنىمۇ يولدا ئىككى ياققا چايقىلىپ ئەگرى - بۈگرى ماڭاتتى. چۇغلۇقنىڭ پېشانىسىدىن چىققان

مۇنچاق - مۇنچاق تەرگە چۇۋۇلغان چاچلىرى قالايمىقان چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى. «قەدىردانىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، مېنى تۇتۇۋېلىڭ زۇلىيار، مېنى تۇتۇۋېلىڭ!» ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ بوش شىۋىرلايتتى. رولنى تۇتقان قوللىرى شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتكەن ئىدىكى، خۇددى ئۇگىلىرى ھازىرلا تېرىلىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. چىشلار تاتارغان لەۋگە بارغانسېرى چوڭقۇر پاتماقتا ئىدى. ئالدىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلگەن بىر يۈك ماشىنىسى يىراقتىن قاتتىق سىگنال بېرىپ كەلدى - دە، سۇركۇلۇپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. چۇغلۇق قورقىنىدىن قاتتىق تۇۋلىۋەتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. لېكىن بايىقى ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ سول تەرەپكە ئاغقان پىكاپ خۇددى قۇترىغان ئۆكۈزدەك بايىقى يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقان يەنە بىر يۈك ماشىنىسىغا قاتتىق سوقۇلدى. چۇغلۇق قاتتىق سىلكىنىپ رولنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. يۈزىنىڭ بىر يېرى چىممىدە ئېچىشقاندەك قىلدى. بىراق ئۇ نەرى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىچە ھوشىدىن كەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن خەمىدە چۇغلۇقنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ساياھەت رايونى قىلىنغان بىر تاغلىق يېزىدا بولۇپ ساپ ھاۋا ۋە سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە رىۋايەتتىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

چۇغلۇق ماشىنا ۋەقەسىدە تاسادىپىي ئامان قېلىپ، ئېغىر يارىلانمىغان بولسىمۇ، قورقۇنچ ۋە قاتتىق سىلكىنىش تۈپەيلىدىن ئېسىنى يوقاتقانىدى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايتتى. دوختۇر چۇغلۇقنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ساپ ھاۋالىق تىنچ مۇھىتتا داۋالىنىشىنى بۇيرۇغان ئىدى. شۇڭا خەمىدە ئۇنى ھاۋالىق يېزىسىغا ئېلىپ چىقتى.

چۇغلۇق ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، يىراقلارغا قاراپ

ئولتۇرغىنىچە، ئۇن - تىنسىز هالدا كۇننى كەچ قىلاتتى.
بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇياش تاغ كەينىگە باش قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئاق ئاتقا مىنگەن بىر يىگىت ئىككى ئىتنىڭ قاتتىق قاۋىشىغا قارىماي، چېدىر ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خەمىدە ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، توۋلىۋەتتى:
— هەي زۇليار، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟
— ياخشىمۇسىز؟ سىز ئەۋەتكەن كۇندىلىك خاتىرە ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولمامدۇ؟
— هە قېنى، جۇرۇڭ ئۆيگە كىرەيلى. كەلگىنىڭىزمۇ بەك ياخشى بولدى. ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئەسلىيەلمىگىنى بىلەن «زۇليار» دېگەن ئىسمىنى بىر قېتىممۇ ئاغزىدىن چۈشۈرگىنى يوق.
— هە، ئۆزى قېنى؟
— هوي، هازىرلا مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ، نەگە كەتكەندۇ؟
ئۆيدىكىلەر بىردەمدىلا ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ كەتتى. ئەتراپتا چۈغلۇقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. چوڭلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە ئات سېلىپ كەتتى. زۇليارمۇ يېڭى ئېچىلغان چىغىر يول بىلەن پاكار دۆڭنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. ئاللانىڭ كارامىتىمۇ، تىك چۈشكەن قارامتۇل قىيالاردا قارىغايلار مەزمۇت ئۆسۈپ، تاغنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكىگە رومانتىك تۈيغۇ بېغىشلىغانىدى. زۇليارنىڭ بۇ مەنزىرىلەرگە قارايدىغان ھەپىلىسىمۇ يوق. چوققىلاردا ۋىل - ۋىل پارقىراپ كۆرۈنگەن ئاخىرقى قۇياش نۇرى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەن بولسىلا بولاتتىغۇ. زۇليار تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇغا فېرمىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈشىگىلا يىراقتىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك ۋە قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىق تونۇش بىر گەۋدە كۆرۈندى.

— چۈغلۈق! — زۈلىيار ئاتنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، قىزغا يېتىشتى. چۈغلۈق ئېرەنسىز قاراپ قويۇپ، يولىغا مېڭىۋەردى. چۈۋۈلغان دولقۇن ـ دولقۇن چاچلار تاغنىڭ لەرزان شامىلىدا ھەريان تولغىنىپ ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىك ئۇرۇلاتتى. پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېغىزى يېڭىدىن پۈتكەن چوڭقۇر تاتۇق بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ كېتەتتى.

— ھەي! — زۈلىيار ئاچچىق تەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى، — رەھمەدىل ئادەملەرنىڭ بىر قېرىندىشىغا قىلغان سوۋغىسى نېمىدېگەن قىممەتلىك، نېمىدېگەن ئېسىل!

— كېلىك چۈغلۈق، قايتايلى! — زۈلىيار قىزغا قول ئۇزاتتى. چۈغلۈقمۇ مەقسەتسىزلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، زۈلىيارغا يۈزلەندى. زۈلىيار ئۇنى خۇددى كېپىنەكنى تۇتقاندەك يەڭگىللا كۆتۈرۈپ، ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى. مانا چۈغلۈق ئاخىرى قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە، ياردىمىمگە موھتاج. مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقىنى، ھاياتنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىمەن. چوقۇم ھېس قىلدۇرىمەن، چۈغلۈق! ئەمدى بىر ئۆمۈر يېنىڭدىن ئايرىلمايمەن. زۈلىيارنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. چۈغلۈقتىن تارقىغان خۇشبۇي ھىد زۈلىيار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس نەپەسكە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇلار بۇغا فېرمىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە تونۇشلا بىر ئاۋاز — ئۇلار قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە قالدۇرغان بۇغا ئاۋازى ئاڭلاندى. زۈلىيار ئىتتىك چۈغلۈقنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ دەسلەپ خۇددى بوۋاق بالىدەك نۇرسىز كۆزلىرىنى يىراقتا تىككىنىچە ئېرەنسىز قاراپ تۇردى. كېيىن جىمجىت تاغلار قوينىدا ئەكس سادا بىلەن ياڭرىغان ئىنچىكە، زىل ئاۋاز ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. كۆزلىرىدە بىر خىل نۇر ۋاللىدە چاقناپ قالدى.

— چۈغلۈق، بۇغا ئاۋازى، ئاڭلاۋاتامسىز؟

بوٗغا ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. بوٗ قېتىم چوٗغلوٗق كۆزلىرىنى يوٗموٗۋالدى. نېمىنىدوٗر ئەسكە ئالماقچى بولغاندەك قوشوٗملىرى توٗرۇلدى. ئات خوٗددى ئىگىلىرىگە ھەيران قالغاندەك، پوٗشقوٗرۇپ قويوٗپ ئورنىدا پىرقىرىماقتا ئىدى.

— ھېلىقى شەنبە كوٗنى ئېسىڭىزدىموٗ؟ بىز سىلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا توٗرۇپ، خوٗددى موٗشوٗنىڭغا ئوخشايدىغان بوٗغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدوٗق...

چوٗغلوٗقنىڭ قەلبىنى ئاستا - ئاستا ئاجايىپ نازوٗك ئىللىق بىر سېزىم ئىگىلەشكە باشلىدى. يەنە ھېلىقى چاغدىكىدەك توموٗرلىرىدا ياڭرىغان ئاجايىپ بىر سىمفونىيە ئاستا - ئاستا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بوٗغا ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. چوٗغلوٗق توٗيوٗقسىز كۆزلىرىنى لاپ قىلىپ چوڭ ئاچتى ۋە زوٗليارغا بىر دەقىقە قاراپ توٗرغاندىن كېيىن:

— زوٗليار! - دېدى - دە، ئۆزىنى ئوٗنىڭ باغرىغا ئاتتى.

— ئاخىرى ئەسلىدىڭىز، چوٗغلوٗق! — زوٗليار ئوٗنى مەھكەم قوٗچاقلىدى. كۆزلىرىدىن خوٗشاللىق ياشلىرى تاراملاپ توٗكۆلوٗشكە باشلىدى. چوٗغلوٗق بولسا يىغلىپ قالغان بارلىق دەرد - ئەلىمىنى بىر يولىلا چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك، بېشىنى زوٗليارنىڭ موٗرىسىگە قويغىنىچە بوغوٗلوٗپ - بوغوٗلوٗپ يىغلايتتى. زوٗليار ئوٗنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەيلا قالدى.

— ئاھ، بوٗغا ئاۋازى! سەن موٗھەببەت ئىلاھىسەن. سەن ئوٗنى ياراتتىڭ، قايتىدىن ياراتتىڭ!

— بولدى يىغلىماڭ. چوٗغلوٗق دېگەنموٗ سىزدەك بولامدوٗ؟ چوٗغلوٗق شوٗنداق بىر گوٗلمىش، ئوٗ پەقەت تاغ - داللاردا ئەڭ باراقسانلىشىپ ئېچىلىدىكەن. قانچە كۆپ جوٗدوٗنغا ئوٗچرىغانسېرى، شوٗنچە ئاينىيدىكەن، قېنى كوٗلمەمسىز؟ — چوٗغلوٗق ئوٗنىڭغا قاراپ ھەم كوٗلەتتى، ھەم يىغلايتتى. زوٗليارنىڭموٗ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

— بولدى قىلىڭ، زۇليار، خۇددى مومامدەك چۆچەك ئېيتقىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ياخشىسى، شۇ چۇغلۇقنى تاپقىلى بارايلى! ماقۇلمۇ؟ — چۇغلۇقنىڭ خۇش تەبەسسۇمدا ئېچىلغان گۇلنىڭ بەرگىدەك قىزارغان لەۋلىرىدىن تۇنجى بولۇپ شۇ سۆزلەر چىقتى. نىگارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ كۇلگىنىمۇ، كۇلۇپ تۇرۇپ يىغلىغىنىمۇ ئاجايىپ سۆيۈملۈك ـ تە!

— قېنى، ئەمىسە ماڭايلى! — زۇليار ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىپ قويۇپ، خۇددى توزۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك چۇغلۇقنىڭ مۇرىلىرىدىن ئاۋايلاپ تۇتتى. چۇغلۇقمۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ زۇليارغا يۆلەندى. ئات بىر خىل يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. چۇغلۇقنىڭ شەپەق ئەكسىنى تاپقان هال رەڭ يۇزلىرىدە راهەتلىنىش، خاتىرجەملىك جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا شەپەق نۇرىدا تولغان تاغ باغرىنى بويلاپ، ئۇپۇق بىلەن زېمىن چېگرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن تاۋاقتەك قۇياشنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

**图书在版编目(CIP)数据**

撤旦的圈套/艾比巴·亚力木合买提著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2004.11
ISBN 7—5371—5162—8

Ⅰ.撤… Ⅱ.艾… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2004)第104726号

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
责任校对：**克尤木·吐尔逊**
封面设计：**阿里甫·夏**

*北极星*文学丛书
**撤旦的圈套**(维吾尔文)
(中篇小说集)
**艾比巴·亚力木合买提 著**

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 6.625 印张
2004年11月第1版 2004年11月第1次印刷
印数：1—3000

---

ISBN7—5371—5162—8 定价：10.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ئىپپەتلىك ئايال

قىز قەلبىدىكى سۆز

ئەنسىز ئادەم

يەكپاي ئاياغ

شەيتان قىلتىقى

دەز كەتكەن يۈرەك

نادان مۇخلىسلار



قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ISBN 7-5371-5162-8

9 787537 151627 >

ISBN7-5371-5162-8

（民文） 定价：10.00 元